بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا




# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى


# المسلم الصيني

1

1983

[illegible]اڭ زۇڭلى دۇنگ.
ئا. ر[illegible]ندى باشچى-
لىقىدىكى [illegible]يا ئىسلام
پاراۋانلىق ئى[illegible]ارا-
تى، شەرقىي - جەنۇبىي
ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان
رايونى ئىسلام تەشۋىقات-
مائارىپ مۇدىرىيىتى ۋەكىل-
لەر ئۆمىكى بىلەن كۆ-
رۈشتى.
(سۈرەتنى شىنخۇا
ئاگېنتلىقى ئەۋەتكەن)





1980 - يىل 4 - ئاينىڭ
14 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت-
تىكى ئۇلەنفۇ، پېڭ چۇڭ، ياڭ
جىڭرېن قاتارلىق رەھبەرىي
يولداشلار جۇڭگو ئىسلام دىنى
4 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا
قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى
قوبۇل قىلدى.
(سۈرەتنى جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتى ئەۋەتكەن)



مەركىزىي كومىتېت بىرلىك
سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللى
ئىشلار كومىتېتى 4 - نۆۋەتلىك
كومىتېت 2 - سانلىق ھەيئەتلەر
(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتناش-
قان بارلىق ھەيئەتلەرگە چاي
بەردى.
(سۈرەتنى يۈسۈپ تارتقان)

1
1983 ـ يىل
(ئومۇمى 12 ـ سان)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژورنال)

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

## مۇندەرىجە

ژورنالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلى تەھرىر بولۇمى ( 2 )
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىدىن كۈتىدىغان بىرقانچە ئۈمىدىم ............بۇرھان شەھىدى ( 3 )
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى
تەبرىكلەيمەن ..........................ئەھمەت ۋاجىدى ( 5 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز
............جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ئىشخانىسى ( 6 )
"سۇرە فاتىھە"نىڭ ئىغىزچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە شەرھى...............ماسۇڭتىڭ ( 10 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا
قىلىنغان سوز (قىسقارتىلمىسى)............ چياۋ ليەنشېڭ ( 14 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا
قىلىنغان خىزمەت دوكلادى (قىسقارتىلمىسى)............ جاڭ جيې ( 25 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى
ئېچىلدى.............ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بولۇمى ( 35 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن
4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى...........
.............ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بولۇمى ( 39 )
جۇڭگو ئىسلام شۆبىيۇەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.....يى دىڭ ۋېن سەي ( 44 )
شېنياڭ ئىسلام شۆبىيۇەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.........جاۋيۇڭچېڭ ( 46 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام شۆبىيۇەنىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى............ ( 48 )
شىنجاڭدا ئېچىلغان 1 ـ قارارلىق ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئوقۇش پۈتتۈردى.....ئىبراھىم روزى ( 49 )
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىسلام دىنىي كەسپىي خادىملىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا
ئېكسكۇرسىيىدە بولدى............................ ( 50 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەھمەت ۋاجىدىنىڭ رادىيو نۇتقى
ـــ ئافغانىستان خەلقىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن............... ( 53 )
ئەزھەرنىڭ مىڭ يىللىقى.........................ما يۈنفۇ ياڭ جىبو ( 54 )
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى ئەرەپات بىلەن كورۇشتى.................. فېي لەن ( 60 )
جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى مىسىرغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى......................يى دىڭ ( 61 )
ماقالا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى.............................. ( 64 )
مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئېلانى..................(مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتى)

# ژۇرنالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز

جۇڭگو ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى قارارىنىڭ مۇناسىۋەتلىك روھىغا ۋە ئېلىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، 20 نەچچە يىل توختاپ قالغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بۈگۈن كىتابخانلار بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشتى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنىپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقى دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئۇلۇغ بىر تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، يېڭى تارىخىي دەۋردە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى يېڭىۋاشتىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى مۇشۇ سىياسەتنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىز ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ژۇرنالغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇنى ئاسراپ، ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ئوبدان چىقىشىغا ياردەملىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»—ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر مەزمۇن قىلىنىدۇ: ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش؛ مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى خەۋەر قىلىش ھەم ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ھەمدە مەملىكەت ئىچى ھەم سىرتىدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر بايانلار ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك كىتابلىرىنى، جۈملىدىن جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ، مەشھۇر شەخسلەر، داڭلىق مەسچىتلەر، مەدىنىي يادىكارلىقلار، قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلەر ۋە باشقىلارنىمۇ تونۇشتۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش سەپلىرىدە ئىشلەۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىلغارلار، نەمۇنىچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىش، ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىپ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش.

"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر". ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ ئېتىۋار بېرىدۇ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە، نادانلىققا قارشى تۇرۇشقا قايتا-قايتا رىغبەتلەندۈرگەن. بىز كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىمىزنى ئىشقا سېلىپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەتقىق

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدىن كۈتىدىغان بىرقانچە ئۈمىدىم

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى **بۇرھان شەھىدى**

جۇڭگو ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بۈگۈن رەسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ—پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر خوشاللىق ئىش. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات گۈلزارلىقىدا يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ، ھوسۇل ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلىتىمىزنى پەيدىن-پەي زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك دېموكراتىيىگە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات تىلى بولغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشىنى، ھەرقايسى مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان دىنىي ئېتىقات قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق كەڭ بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ غايەت زور تەسىرى بىلەن ھىجرىيە 15-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام ئالىملىرى ناھايىتى زور دىققەت-ئېتىۋار ۋە قىزىقىش بىلەن، ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى كىتابخانىلارغا تىرىشىپ مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى زورۇر ئۆگىنىش-تەتقىقات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تەھرىر بولۇمىمىز ھازىرقى ئادەم كۈچى ۋە ماددى شارائىت ئاساسىدا، بۇ ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىشقا تىرىشماقچى. بىز بۇ ژۇرنالنى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ھالدا جانلىق باشقۇرۇش، دۆلىتىمىزنى پەيدىن-پەي زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك دېموكراتىيىگە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ھەسسىمىزنى قوشۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىسلام ئالىملىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەرقايسى ساھەدىكى ئەرباپلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى چىقىرىشقا زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشى ۋە ياردەملىشىشىنى، بۇ ژۇرنالغا قىزغىنلىق بىلەن ماقالا ئەۋەتىپ تۇرۇشى ۋە ئۆز ۋاقتىدا تەنقىت، تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرۇشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

www.uyghurkitap.com

ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قەدىرلەپ، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ مەركەزلەشكەن بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق ھالدا قوغدىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئىسلام دىنى ئېلىمىزدە 1 مىڭ 300 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ 10 قېرىنداش مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلىنىشى بار. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئالىملار بىلەن ئۇبدان ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىنى؛ ئىسلام دىنىغا دائىر تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ماتېرىياللارنى رەتلەپ، ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىسلام تارىخى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھەرقايسى سەپلەردە جان كۆيدۈرۈپ كۈرەش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرمۇنچە ئىلغارلار ۋە نەمۇنىچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاشۇنداق ئىلغارلار ۋە نەمۇنىچىلەرنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ ۋە خەۋەر قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ھەرقايسى مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن، ئۇلارنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتەك زور ئېقىنغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنى ئاتىدىغان قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئىسلام دىنى — دۇنيا بويىچە 3 چوڭ دىنىنىڭ بىرى، ئۇ خەلقارادا كەڭ تەسىرگە ئىگە. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىشلەر ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەمنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى دوست ئەللەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلقارا دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشى، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەققانى كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىشى، دۇنيا تېنچلىقىنى قوغدىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

مېنىڭچە، مەن ئۈمىت قىلغان نۇقتىلار دەل «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقان نۇقتىلاردىن ئىبارەت. ھازىر، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى رەسمى نەشرگە كەلتۈرۈلدى، مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ كۆزلىگەن ئارزۇسىغا يېتىشىنى ۋە بارغانسېرى ئۇبدان باشقۇرۇلۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى **ئەھمەت ۋاجىدى**

جۇڭگو ئىسلام دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ خەنزۇچە نەشرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە نەشرىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. مەن بۇنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلى ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ژورنىلى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دولىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىگە، ئىسلام دىنى زاتلىرى، ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، بىرنىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا پايدىلىق.

مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئالاقە باغلاش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار ئىشلارنى تونۇشتۇرۇش جەھەتلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن؛ مەن يەنە ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز ژورنىلى بولغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈمىدى ۋە تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان ۋە ئۇلار ياخشى كورىدىغان ئۈگىنىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئاكتىپ قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەملىشىپ، ماقالا، تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇشنى ئۈمىت قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى تەبرىكلەيمىز

## جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى ئىش خانىسى

### ئاھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ئىپتىخار بىلەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمى يۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى كۈتۈۋالدى. بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

بىز ئىسلام جەمئيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى خاتىرىلىگەن چېغىمىزدا، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز توھپىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىپ ئۈچىنچى يىلى—1952-يىل 7-ئايدا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئاتاقلىق زاتلار ۋە ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىشى ۋە تەييارلىق قىلىشى، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، 1953-يىل 5-ئايدا رەسمى قۇرۇلغان. جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىغى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنىڭ كونكىرىت نامايەندىسىدۇر. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتىرلىق دىنىي تەشكىلاتى بولۇپ، "خەلق ھوكۇمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياردەملىشىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، دۇنيا تېنچلىغىنى قوغداش"نى مەقسەت قىلىدۇ. 30 يىلدىن بېرى مۇشۇ مەقسەتكە ئاساسەن، ئىسلام جەمئيىتىنىڭ ھەر قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ئۇنىڭ دائىمى ھەيئىتى، ھەيئەت ئەزالىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ھەر قېتىملىق يىغىن ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى ۋە چىقارغان قارارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بوشاشماي تىرىشچانلىق كورسەتتى. بۈگۈن بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئىسلام جەمئيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، ئىسلام جەمئيىتىنىڭ تەرەققى قىلىپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بولگەن پېشقەدەم رەھبەرلەرگە ئالى ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ئۇلاردىن سەممىمى ھال سورايمىز؛ شۇنىڭدەك ئىسلام جەمئيىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش يولىدا توھپە قوشقان ھەم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن رەھبەرلەر ۋە ھەيئەت ئەزالىرىنى چوڭقۇر سېغىنىدىغانلىغىمىزنى بىلدۈرىمىز، ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي.

جەمئيىتىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بېرى، "سول"چىللىق خاتالىغى ۋە 10 يىللىق قالايمىقانچى-

لىقىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ خىزمىتى بىر مەھەل توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇ يەنىلا نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تۈرلۈك سىياسەتلەر-نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە ئاساسەن، ئىلگىرىكى خىزمەتلەر ئاساسىدا يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

جەمئىيىتىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۇستۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇردى. جەمئىيىتىمىز 1953 -، 1956 -، 1963 - ۋە 1980 - يىللىرى ئىلگىر - كېيىن بولۇپ، 4 نۆۋەت مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلگىرىكى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتلەردىن خۇلاسە چىقاردى ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىپ قارارلارنى چىقاردى. جەمئىيىتىمىز جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئۇقۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، تۈرلۈك ئۆگىنىش ۋە سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى؛ مۇسۇلمانلار يازغان نەچچە 10 مىڭ پارچە خەت - چەكنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئارقىلىق، كەڭ تۈردە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى ھۆكۈمەتكە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئاكتىپ تۈردە ئىنكاس قىلدى ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەردى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنى مۇناسىۋەتلىك فاكىت، سىياسەت ۋە پەرمانلارنى تۈزۈشتە پايدىلىنىدىغان پىكىرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن - پەرمانلىرىنى ئاڭلىق قوغداپ، سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

جەمئىيىتىمىز ئىسلام دىنىغا دائىر كىلاسسىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش - ساقلاش، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلىم تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپلىگەن دىنىي كىتاپ، ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ، ئەرەپچە قۇرئان كەرىم، «تەپسىر جالالەين»، «ئەل لۇئلۇئۇ ۋەلمەرجان»، «خۇتبە»، ئەرەپچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما «خەتمە قۇرئان» ۋە ئەرەپچە - خەنزۇچە «ئىبادات ئىسلامىيە» قاتارلىق دىنىي كىتاپلارنى باستى؛ خەنزۇ تىلى، ئەرەپ تىلى ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى» دېگەنگە ئوخشاش رەسىملەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدى؛ خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا «جۇڭگو مۇسۇلمان-لىرى» دېگەن ژورنالنى چىقاردى؛ "بېيجىڭ ئىسلام دىنىي كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى" نى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنى دىنىي كىتاپ - ژورناللار بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۈرلۈك خىزمەتلەر كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئۇچرىدى. ئىسلام جەمىيىتى يەنە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ «ئوكيانۇس»نى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر تارماقلارنى يېزىش خىزمىتىنى ئورۇنلىدى، «قامۇس. دىنىي مەسىلىلەر توپلىمى»نىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ئاتالغۇلارنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېزىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ۋە بىرقەدەر يۇقۇرى دىنىي بىلىمگە ئىگە ئاخۇنلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، جەمىيىتىمىز 1955-يىل 11-ئايدا جۇڭگو ئىسلام شۆبىيۈەنىنى ئاچتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەتقىقات سىنىپى ئاچتى، ئىسلام شۆبىيۈەنى جايلاردىكى ئىسلام جەمىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە باشقا ئورۇنلارغا بەزى ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ ئاخۇنلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئېچىپ بەردى. 4-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، داشۆي مەدىنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە بىرقەدەر يۇقۇرى دىنىي كەسپىي بىلىمگە ئىگە ياش كەسپىي دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1982-يىلى ئىسلام شۆبىيۈەنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭدا 5 يىللىق ئالىي سىنىپ تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى ھەمدە مىسىرنىڭ ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا 10 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەرلىك ئىسلام شۆبىيۈەنلىرىنى قۇرۇشنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، جەمىيىتىمىز 1955-يىلدىن 1982-يىلغىچە ئىلگىر-كېيىن بولۇپ 14 قېتىم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەككىگە ھەج قىلىشقا ئەۋەتتى، ھاجىلار پەرزنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جەمىيىتىمىز تەكلىپكە بىنائەن نۇرغۇن قېتىم دوستلۇق زىيارەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە دوستانە زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزمۇ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلارنى دۆلىتىمىزگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلدۇق. بىز يەنە تەكلىپكە بىنائەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ خەلقارا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ يىغىنلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە كىتاپ كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلدۇق، ئىسلام مەدىنىيىتى جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق.

بىز ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ زومىگەرلىككە، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدىكى ھەققانى كۈرەشلىرىنى قەتئى قوللىدۇق؛ ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىنى قەتئى قوللىدۇق؛ ئەرەپ ئەللىرى خەلقىنىڭ ۋە

پەلەستىن خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق-كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، مىللى ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش يولىدىكى ھەققانى كۈرىشىنى قەتئىي قوللىدۇق. بىز ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ماجىرالارنى توختىتىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مىللى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدا تۆھپە قوشۇشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلدۇق.

بىز دوستانە باردى-كەلدى ئىشلىرى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى سىياسىتىنى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق-ھەمكارلىقنى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدە نۇرغۇن دوستلارنى تۇتۇپ، دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ئاپپاراتلارنى تولۇقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقى تۈردە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. تىرىشىپ يېڭى ئاساسىي قانۇننى، مىللى، دىنىي سىياسەتلەرنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان ياردەملىشىشىمىز كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىغى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ دىنىي ئىشلارنى ئوبدان باشقۇرۇشىمىز كېرەك؛ پائال تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، دىنىي كىتاپلارنى نەشر قىلىش، ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. بىز داۋاملىق تۈردە ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا دوستانە بېرىش-كېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بىز تىرىشىپ ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى خاتىرىلەۋاتقان كۈنلەردە، بىز تەيۋەندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى بەكمۇ ياد ئېتىمىز، بىز تەيۋەننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىپ، تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىغىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بۇرۇنراق بىر يەرگە جەم بولۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. ئاللاتائالا ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلغاي!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ’’سۈرە فاتىھە‘‘نىڭ ئېغىزچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە شەرھى

## ھـا سۈگتىك

جۇڭگو مۇسۇلمانـلىرىنىڭ ئەنـئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ۋارىسـلىق قىلىش مەقـسـىدىدە، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدرىس تەربىيىسى ۋە ”مەدرىس تىلى“ تەتقىقاتچىلىرىنى ئاز - تولا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، پىشقەدەملىرىمىزنىڭ قۇرئانـدىن تەپسىر قىلغاندا ”سۈرە فاتىھە“گە بەرگەن مەنىسى ۋە شەرھىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

”سۈرە فاتىھە“نى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئادەتـتە، ”ئەئۇزۇبىلـلاھى مىنەششەيتانىررەجىم“ بىلەن ”بىسمىللاھىررەھمانـىررەھىم“ ئوقۇلىدۇ، ”سۈرە فاتـىھە“نى ئوقۇپ بولغانـدىن كېيىن، ئوقۇغۇچى بىلەن ئاڭـلىغۇچى ئىچىدە ”ئامىن“ دەيدۇ. تۆۋەنـدە مەدرىس تىلى تەرجىمىسى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1. ”ئەئۇزۇ...“، بۇ پانا تـىلەش سوزى بولۇپ، ”مەن ئاللادىن قوغـلانـدى شەيـتانـىنىڭ شەررىدىن (يامانلىقىدىن) پانا تىلەيـمەن“ دىگەن بولـىدۇ. بۇ ”فاتىھە“نىڭ ئىچىگە كىرمەيـدۇ، ئۇ قۇرئان كېرىمنىڭ 16 - سۈرىسىنىڭ ”قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ، ئاللادىن قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پانا تىلىگىن“ دىگەن 98 - ئايىتىدىن كەلگەن.

2. ”بىسمىللا“، بۇ ”ناھايىتى شەپقەتـلىك ۋە مېھرىـۋان ئالـلانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دىگەن بولىدۇ. قۇرئانـىنىڭ بۇ تەلىمى، ئىسلام دىنىدىكى تۆت مەزھەپـنىڭ بىرى بولغان ھەنەفى مەزھىبىـنىڭ تەشەببۇسى بويىـچە، .”سۈرە فاتىھە“نىڭ تەركـىۋىي قىسـمىغا كـىرمەيـدۇ، لېكىن قۇرئانـىنىڭ 9 - سۈرىسىدىن باشـقا، قالـغان ھەمـمە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ”بىسمىلـلا“ بار. شۇڭا، تەقـۋادار مۇسۇلـمانـلار ساۋاپـلىق ئىش قىلـغان چاغـلىرىـدا ھەمىـشە ”بىسمىلـلا“ دەيـدۇ. خۇيزۇ مۇسۇلـمانـلار بۇنى ”تەسمىيە“ ئوقۇش دەيـدۇ. ”بىسمىلـلا“مۇ قۇرئان كېرىمـىنىڭ 27 - سۈرىسىنىڭ 29 - ، 30 - ئايەتـلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئايەتـلەردە مۇنـداق دىيىلـگەن: ”ئۇ (بىلقىس) دىدى: ئى سەردارلار، مەن قىممەتلىك بىر پارچە خەت① تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خەت ئەلۋەتـتە سۇلەيـمان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنـدۇر، خەتـنىڭ مەزمۇنى ’ناھايىتى شەپقەتـلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)...‘ دىگەندىن ئىبارەتتۇر“.

3. ”سۈرە فاتىھە“ جەمئىي 7 ئايەت بولۇپ، ”مەدرىس تـىلى“ بويىـچە تەرجـىمە قىلـىنىشى تۆۋەندىكىچە:

”ھەمدۇ - سانا ئاللاتائالاغا خاستۇركى، ئۇ ئاللا پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيىلـگۈچىسىدۇر (1)؛

---

① بۇ يەردە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئايال پادىشا بىلقىسقا ئەۋەتكەن خەت كوزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىۋاندۇر (2)؛
قىيامەت كۈنىنىڭ خوجىسىدۇر (3)؛
بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز (4)؛
باشلىغايسەن بىزنى توغرا يولغا (5)؛
سېنىڭ ئىنئام-ئېھسانلىرىڭغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (6)؛
قەھرى-غەزىۋىڭگە ئۇچرىمىغان ۋە يولدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (7).»

بۇ تەرجىمە ئاممىباپ ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ، خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ھەتتا تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئائىلىسىنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغان.

قۇرئان كېرىم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن دىننى تەرغىپ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى 23 يىل (مىلادى 610—632) ئىچىدە دىننى تەرغىپ قىلىشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلار، تۇغۇلغان ۋەقەلەر ۋە قويۇلغان سوئاللارغا قارىتا ئاللاتائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزگە «ۋەھيى» تەرىقىسىدە ئۇدۇللۇق چۈشۈرۈلگەن. ئۇ چاغدا قۇرئان رەتلەنمىگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ 19 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادى 651-يىلى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رەتلىنىپ توپلەنگەن، بۇ جەمئى 30 پارە، 114 سۈرە، 6211 ئايەت (6236 ئايەت دەيدىغانلارمۇ بار، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە 6666 ئايەت دېيىلىدۇ)، 77934 سۆز، 322621 ھەرپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قۇرئان دەپ ئاتالغان. «ئوسمانىيە نۇسخىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تارقىلىپ كەلگىنىگە بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، قىلچە نېرى-بېرى بولماي، ھېلىغىچە ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلىنىپ كەلدى. كىچىگىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز بىر يېتىم بالىنىڭ زۇلمەتلىك، جاھالەت باسقان ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ۋە بۇتپەرەسلىك، قەبىلىلەرنىڭ ئۆچمەنلىك قىرغىنچىلىقى بىلەن تولغان ئۇرۇقداشلار جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەم ئۆزاقىچە پىكىر قىلىپ ئىككى ئېچىلغاندىن كېيىن ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە دىننى تەرغىپ قىلىشقا باشلىشى ھەمدە دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ۋە كەم ئۇچرايدىغان ئىش. مۇسۇلمانلار قۇرئان كېرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ موجىزىسى دېيىشىدۇ.

«سۈرە فاتىھە» قۇرئان كېرىمنىڭ 1-سۈرىسى سۈپىتىدە ئىلگىر-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم چۈشۈرۈلگەن، بىر قېتىم مەككە مۇكەررەمىدە، بىر قېتىم مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قۇرئان كېرىمدە تۇتقان ئورنىنىڭ خېلىلا مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۇنى «ئاساسىي مەقسەت ئېنىق ئېيتىلغان سۈرە» ياكى «دائىم ئوقۇلىدىغان

7 ئايەت“ دەپ ئاتايدۇ. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: ”تەھقىق مەن ساڭا دائىم ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان 7 ئايەتنى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى بەردىم“ (15 ـ سۈرە، 87 ـ ئايەت). ”سۈرە فاتىھە“ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا نامازدا ياكى ئىچىدە ئوقۇلغاندىن باشقا، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، ئوقۇش باشلاش، يىغىلىش، سەپەرگە چىقىش...قا ئوخشاش مۇھىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇلۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئاللاغا بولغان سېغىنىش، تەشەككۇر، ھەمدۇ ـ سانا ۋە دۇئا ـ تەلەپلەر بىلدۈرۈلىدۇ.

”سۈرە فاتىھە“ 7 ئايەت بولۇپ، مەنىسىنى 3 قىسىمغا بولۇپ چۈشىنىش مۇمكىن:

(1) 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەردە ئاللانىڭ 5 ئۇلۇغ ئىسمى بار: ئاللا، رەب، رەھمان، رەھىم، مالىكى يەۋمىددىن. بۇنىڭ قىسقىچە مەنىسى ”تەۋھىد“ دىن يەنى دۇنيادىكى ھەممە كائىناتنى ئاللا ياراتقان، ئاللا بۇ دۇنيادا ئىتائەت قىلغۇچى ۋە خىيانەت قىلغۇچى، ئاقىل ۋە جاھىل دەپ ئايرىماي، ھەممىگە ئوخشاش شەپقەت قىلىدۇ، ھەممىنى ئوخشاش تەربىيىلەيدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھەركىشىگە ئۇنىڭ نامى ـ ئەمالىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ساۋاپلىق ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ، گۇنا قىلغانلارنى جازالايدۇ، قىلچە كەم ياكى ئارتۇق قىلىپ قويمايدۇ، دەپ تونۇشتىن ئىبارەت. قىيامەت كۈنى (سوراق قىلىنىدىغان كۈن) بولغاندا، ھەقىقى نوپۇز ئاللادىلا بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئېغىز پېچەتلىنىپ، قول گەپ قىلىدۇ، پۇت گۇۋالىق بېرىدۇ، ھېچقانداق بانا ـ سەۋەپ كورسەتكىلى بولمايدۇ. قۇرئاندا 36 ـ سۈرىنىڭ 65 ـ ئايىتىدە: ”بۈگۈن (قىيامەت كۈنى) مەن سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارنى پېچەتلەيمەن، قولىلىرىڭلارنى سوزلىتىمەن، پۇتلىرىڭلارنى سىلەرنىڭ ھەممە قىلغان ـ ئەتكىنىڭلارغا گۇۋالىق بەرگۈزىمەن“ دېيىلگەن.

ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ۋە مەنىۋى ئېتىقادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بىرمۇنچە پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن، ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغىچە ئۈزمەي ئەۋەتىپ تۇرغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى قىلىپ ئەۋەتكەن، قۇرئان كېرىمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ”پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنجىسى“ دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”مەن سىلەرگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتىمكى، ئۇ سىلەرگە مېنىڭ ئىلگىرى فىرئەۋنغىمۇ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىمدىن گۇۋالىق بېرىدۇ“ (73 ـ سۈرە، 15 ـ ئايەت). مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ـ نىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش (74 ـ سۈرە، 35 ـ ۋە كېيىنكى ئايەتلەر)، كىشىلەرگە خوش خەۋەر يەتكۈزۈش (74 ـ سۈرە، 39 ــ 42 ـ ئايەتلەر). بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمانلارغا ئاللاتائالانىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىسىملىرىنىڭ تەربىيىلىگۈچى، ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىۋان، ياخشىلىقنى مۇكاپاتلىغۇچى، يامانلىقنى جازالىغۇچى دىگەن سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان، گۇنادىن ساقلىنىپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىدىغان توغرا يولغا باشلاش.

(2) 4 ـ ئايەتتە كىشىلەرگە ئىبادەت قىلىش، ئاللادىن مەدەت تىلەش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ. ئىبادەت ـــ ساۋاپلىق ئىشلارنىڭ تۈپ ـ ئاساسى، ئاللانىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇشنىڭ يولى. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: "خۇداغا مەدەت بەرسەڭلار، خۇدامۇ سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ ۋە سىلەرنىڭ قەدىمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ" (47 ـ سۈرە، 7 ـ ئايەت).

(3) 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەردە ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن، مۆمىنلەرنى گۇناكار ـ ئاسىلار ماڭغان تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويماي، توغرا يولغا باشلاش، ئەبەدى "خاتىرجەم" بولغان جەننەتكە كىرگۈزۈش، ئاخىردا ئىسلام دىنىدا مۆمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان "ئىمان بىلەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىش" ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.

قىسقىسى، "سۈرە فاتىھە"نىڭ قۇرئان كېرىمدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئوتۇلدى، ئۇنىڭدا قويۇلغان بارلىق تەلەپ ۋە مەقسەت تەۋھىد، ئىبادەت ۋە ئىمان بىلەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىشتىن ئىبارەت. "سۈرە فاتىھە" چۈشۈرۈلگەن سۈرىلەرنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىدا "سۈرە ئەلەق"، "سۈرە قەلەم"، "سۈرە مۇززەممىل"، "سۈرە مۇددەسسىر" دىگەن 4 سۈرە (96 ـ، 68 ـ، 73 ـ، 74 ـ سۈرىلەر) چۈشۈرۈلگەن، بۇ سۈرىلەرنىڭ بەشىلىسى مەككىدە چۈشۈرۈلگەن. قۇرئان كېرىمنىڭ ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن سۈرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى، ئەخلاقى، ئىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەققانى ئىكەنلىكى، كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغانلىقى ۋە چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا بىشارەت بېرىلگەن ۋە بۇلار دەلىللەنگەن؛ ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇغى، سۈپەتلىرى ۋە ئاللانىڭ ئىنسانلارنى ياراتقانلىقى، ئۇنىڭغا يېزىشنى، ئوزى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلدۇرگەنلىكى (96 ـ سۈرە، 2 ـــ 5 ـ ئايەتلەر) بايان قىلىنغان ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرگىزمۇ ئەقلىدىن ئازغان كىشى ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى (68 ـ سۈرە، 5 ـــ 7 ـ ئايەتلەر)، ئۇ ئېلان قىلغان "قۇرئان پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن نەسىھەت" (68 ـ سۈرە، 52 ـ ئايەت) ئىكەنلىكى ئەمىلىيەتتە ئىشقا ئاشقان ۋە ئاشىدىغان بىشارەتلەر بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

4. "ئامىن"، بۇ ئەرەپچە "ئامىن، يارەببىلئالەمىن" دىگەن سوزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، مەنىسى: "ئى پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيىلىگۈچىسى خۇدا، بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى ئىجاۋەت قىلغايسەن!" دىگەن بولىدۇ. "سۈرە فاتىھە" ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوقۇغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ ئىچىدە "ئامىن" دەيدۇ.

يۇقۇرىدىكىلەر ئوزەمنىڭ "سۈرە فاتىھە"نى ئۈگىنىش ۋە ئوقۇشتىن ھاسىل قىلغان ئازغىنا تەسىراتىم، توغرا بولماي قالغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن، دىنىي ساھەدىكى ئۆلىمالارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۇۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق هەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا قىلىنغان سۆز (قىسقارتىلمىسى)

(1982 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى **چياۋ ليەنشېڭ**

هەيئەتلەر، دوستلار، يولداشلار:

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۇۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق هەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلغىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. مەن بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن بۇ يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن، هەيئەتلەر ۋە دوستلاردىن سەممىي هال سورايمەن. جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 1980 ـ يىلىدىن بېرى، 4 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش، هۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جەمىيەتنىڭ خىزمىتىنى بېجىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بىرمۇنچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاڭلىشىمچە، ئالدىنقى بىرنەچچە كۈندە جەمىيەتنىڭ خىزمەت دوكلادىنى مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا، يىغىنغا كەلگەن هەيئەتلەرنىڭ هەممىسى جەمىيەتنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ماختاپتۇ ۋە قوللاپتۇ. مەن جەمىيەتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى هامۇت داموللامنىڭ ئېچىش نۇتقىغا ۋە مۇدىرى جاڭ جيېنىڭ خىزمەت دوكلادىغا قوشۇلىمەن.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، پارتىيە رەهبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. دىنىي خىزمەت جەھەتتە، پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى توغرا فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى تەدرىجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، جايلاردىكى پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناهەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش، مەسچىت، بۇتخانا ۋە چېركاۋلارنى ئېچىپ بېرىش، هەرقايسى دىنلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان هەرمىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش هەمدە خەلقارالىق دوستانە بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش، چەتئەلدىكى دىنىي دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دىنىي خىزمەتكە دائىر پۇروگرامما خاراكتېرلىق بىر هۆججەت تۈزۈپ چىقتى، بۇ هۆججەتتە 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن، دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى بەزى خاتا ئىدىيىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، نۆۋەتتىكى دىنىي خىزمەتتە ئاساسەن "سول"چىل خاتا خاھىشقا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت خاتا خاھىشنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكىمۇ دىققەت قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن، سىياسەت چەك-چېگرىسى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى دىنىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمدى مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە دائىر ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى — پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى ئاساسىي سىياسىتى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش — پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى ئاساسىي سىياسىتى. بۇ — ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت، تاكى دىن ئۆزلۈكىدىن يوقالغىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسەت. ھەممىگە مەلۇمكى، دىن - ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تارىخىي ھادىسە، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاساسلىق دىنلار خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە 1 مىڭ 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، سالا، دۇڭشياڭ، تاتار، باۋئەن قاتارلىق 10 ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدا ئۇزاققىچە تارقىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك پۈتۈن مىللەت ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولۇپ قالغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىش ۋە دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى زور ئىسلاھاتلار، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى سۆيۈش قاتارلىق ھەركەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، دىنىي مەسىلىدىكى زىددىيەت، ئاساسەن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى؛ لېكىن دىنىي مەسىلە يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدۇ. ئىسلام دىنىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاققىچە تارقالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەسىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە كەڭ دائىرىدە چېتىشىدۇ. يەنە كېلىپ دىنىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلە كۆپ چاغلاردا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىقتىسات، مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن دىن تېزلا يوقىلىدۇ، دەيدىغان قاراش رېئال قاراش ئەمەس. دىننى مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى باشقا زورلاش ۋاستىسى بىلەن بىراقلا يوقىتىۋەتكىلى بولىدۇ دەيدىغان قاراش ۋە قىلىقلار پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئاساسىي سىياسىتىگە تېخىمۇ خىلاپ بولۇپ، تامامەن خاتا ۋە ئىنتايىن زىيانلىق.

دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى — ئىدېئولوگىيە مەسىلىسى، ئۇنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ياكى باشقا زورلاش ئۇسۇللىرى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىنىدىكەن، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى جەزمەن ئەكسىچە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى

www.uyghurkitap.com

سىياستىنى قوللىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۆزىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ياكى قىلماسلىقىنى تاللىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. بىز دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنغا ئېتىقات قىلىش مەسىلىسىنى پۇقرالار ئۆزى ئەركىن تاللايدىغان مەسىلىگە، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسى ئىشىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ كېلىۋاتقان گەپ مانا مۇشۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى ھەرگىز ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي سىياسەت. بۇنى بۇ يەردە ئولتۇرغان ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلار يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەرقايسى جايلاردا دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇلگەنلىكىدىن ھەم ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىدىن چۈشىنىپ ئالالايدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق: مەملىكىتىمىزدىكى ھەر بىر پۇقرادا دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بىر دىن ئىچىدە، بۇ مەزھەپكە ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقات قىلمىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، بۇرۇن دىنغا ئېتىقات قىلغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ۋە ئېتىقات قىلمايدىغان ھەر بىر پۇقرانىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سىياسىي ئورنى باپ-باراۋەر؛ ئېتىقات قىلىدىغانلار كۆپ دىن بىلەن ئېتىقات قىلىدىغانلار ئاز دېيىشكىمۇ ئورنى باراۋەر، مەملىكىتىمىزدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان دىن بولمايدۇ ھەم بولماسلىقى كېرەك. بۇ سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا، كىشىلەردە دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىنىمۇ تەكىتلەش كېرەك. بۇ بىر مەسىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تەرىپى. دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقات قىلىشقا زورلايدىغان ھەرقانداق قىلىقلار، خۇددى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنى دىندىن ۋاز كېچىشكە زورلاش باشقىلارنىڭ ئېتىقات ئەركىنلىككە تەككەنلىك بولغىنىغا ئوخشاشلا، باشقىلارنىڭ ئېتىقات ئەركىنلىكىگە تەككەنلىك بولىدۇ، شۇڭا، بۇ قىلىقلارنىڭ ئىككىلىسى ئىنتايىن خاتا ۋە ئۇنداق قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ.

بۇ يەردە ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىش بىلەن دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. مەملىكىتىمىزدە پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، باشقا ئەركىنلىكلەرگە ئوخشاشلا، مۇتلەق ئەمەس، بەلكى نىسبىي بولىدۇ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىمۇ دۆلەت قانۇنى يول قويغان دائىرە ئىچىدە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەيلى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان پۇقرا بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ۋەتەننى سۆيۈش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئەتى، ئەلۋەتتە، دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنىڭمۇ ئەڭ تۈپ مەنپەئەتى، بۇ تارىخىي پاكىتلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. دىنىي زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنىڭ

مۇھىم بىر تەرىپى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا، ئەمىر-پەرمانلارغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت.
بۇ-دىنىي پائالىيەتنى نورماللاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر شەرت. دىنغا ئېتىقات قىلىش
ئەركىنلىك ئىكەن، دولەتنىڭ قانۇنى ۋە ئەمىر-پەرمانلىرى بىلەن كارىمىز بولمىسمۇ بولىدۇ دەپ
قارايدىغان ئوي ۋە قىلىقلار، روشەنكى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى بۇرمىلىغانلىق
ياكى ئۇنىڭدىن قالايمىقان پايدىلانغانلىق بولىدۇ. چۈنكى دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكى
باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە توسالغۇ بولسا ۋە زىيان يەتكۈزسە بولمايدۇ، دىنىي ئېتىقات ئەركىن-
لىكىنى باھانە قىلىپ، قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا، دولەتكە، كوللىكتىپقا
ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ،
دىندىن پايدىلىنىپ، دولەتنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىششقا،
مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائى جامائەت تەربىيىسىگە ئارىلىششقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ بىكار
قىلىنغان دىنىي فېوداللىق ئىمتىيازلارنى ۋە دىنىي زۇلۇم-ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيا-
لىزىم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. يېقىندا ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ
تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسىنىڭ 35-ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە ئىگە. ھەرقانداق دولەت ئورگىنى، جامائەت
تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقات قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقات قىلماسلىققا زورلى-
ماسلىغى، دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتمەسلىكى
كېرەك. دولەت نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ
ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ بېرىشىغا ياكى جەمئىيەت تەرتىۋىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ
سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دولەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەركەت-
لەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش
كىرگۈزۈلگەن لايىھەسىنىڭ 35-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بىلەن بىر. مەن دىنىي ساھەدىكى
دوستلارنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسىنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش
ئارقىلىق، بۇ نۇقتىنى چوقۇم تونۇپ يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش
كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىگە يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى
تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن، لايىھەنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە روھى توغرا. بىز
يەنە شۇنى ئوچۇق كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى باسقۇچتا، دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئامما بىلەن
دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى ئېتىقات جەھەتتىكى بۇ پەرق ئانچە
مۇھىم بولمىغان پەرق، بۇ پەرقنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، ھەتتا ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا
قويۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىگە سەل
قاراشقا بولمايدۇ. خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا دىنغا ئېتىقات قىلىش ياكى ئېتىقات قىلماسلىق
جەھەتتە پەرق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۈللەنگەن-قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دولەت قۇرۇش، 4 نى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ نىشانى بىر. دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى
كەڭ ئاممىا بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكى دەل دىنىي ساھە-

www.uyghurkitap.com

دىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلەشمە تۈزۈشىنىڭ سىياسى ئاساسى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇش بولسا خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پەرق ۋە زىددىيەتلىرىنى توغرا ھەل قىلىپ، بۇ سىياسى ئاساسنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق. بۇنداق قىلىش دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىچ-ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت سىياسى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللار ۋە كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن، تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقىمۇ پايدىلىق. مانا بۇ بىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى نۇقتىمىز.

## 2. مەسچىتلەرنى ئېچىش ۋە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ماددىي شەرتى، شۇنداقلا دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاما ئومۇمى يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مەسىلە. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئېچىلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى 30 مىڭدىن كۆپرەك، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتلىرى تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەسچىتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماس كەلدى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ ھۆرمەتكە ۋە قوغدىلىشقا ئىگە بولغانلىقىدىن، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىن رازى بولۇپ، بىر ئېغىزدىن "پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى يەنە قايتىپ كەلدى" دەپ ماختاشماقتا. لېكىن، مەسچىتلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ۋە ئېچىلىش ئەھۋالى ھەرقايسى جايلاردا تەكشى بولمىدى، نىسبىي ھالدا ئېيتقاندا مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كۆپرەك ئېچىلغان، تارقاق ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئازراق ئېچىلغان، شۇڭا نۆۋەتتە ئەھۋالنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، جايلاردا ئېچىلغان مەسچىتلەر ئۈستىدە بىر تۇتاش ئويلىنىپ، مەسچىتلەرنىڭ جايلىشىشىنى مۇۋاپىق قىلىش كېرەك. ئومۇمەن مەسچىتلەر ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق كەلگەن جايلاردا يېڭىدىن مەسچىت ئاچمىسىمۇ بولىدۇ؛ مەسچىتلەر بەك كۆپ بولغان ۋە بەك مەركەزلىشىپ قالغان جايلاردا مەسچىتلەرنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەرتىپكە سېلىش كېرەك؛ ئېچىلغان مەسچىتلەر سەل ئاز بولۇپ

قالغان جايلاردا، "دىن ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئاددىي بولۇش، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش" پرىنسىپى بويىچە، سىياسەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئېچىپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. لېكىن قايسى خىل ئەھۋالدا بولمىسۇن، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن تولۇق كېڭىشىش ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ ئاندىن ئىش كۆرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭمۇ، خەلقنىڭمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاددىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنى ئېچىش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. دىنىي سىياسەتنىڭ يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مەسىلىسى پەيدىن-پەي ھەل بولىدۇ.

بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىكىدە، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي خادىملار مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشى كېرەك. ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەرقايسى جايلاردا ئېچىلغان مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغان. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كېڭىشىشى بىلەن سايلام ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا ھەم دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار قاتناشتۇرۇلغان، ھەم ئامما ئىچىدىكى ئاكتىپلار قاتناشتۇرۇلغان، مەزھەپلەر كۆپرەك جايلاردا ھەرقايسى مەزھەپلەرگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلگەن. ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى دىنىي پائالىيەت-لەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاخۇنۇملارنى تەكلىپ قىلىش، يىغىلغان ئىئانە ۋە مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيلىرىنىڭ ئىجارىسىنى باشقۇرۇش، مەسچىت رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش، دىنىي كەسپتىكىلەرنى دىنىي كىتاب، ئەقىدە-ئەھكاملارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، شۇ جايدىكى مەزھەپلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزى جايلاردىكى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يەرلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردىمىدە "ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنا-مىسى ياكى "ۋەتەنپەرۋەرلىك نىزامى" تۈزۈپ چىققان؛ بەزىلىرى مەسچىتنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ، مالىيە كىرىم-چىقىمى جەھەتتە كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئاماللىرىنى قوللى-نىپ، "مەسچىتنىڭ ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش"نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشقان؛ بەزى جايلاردا شۇ جايلاردىكى ئاخۇنۇملار ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ھەم دىنىي بىلىمگە ھەقىقىي ئىگە بولغان دىنىي كەسپىي خادىملارنى تاللاپ دىنىي ۋەزىپىلەرگە قويغان، بۇنىڭ بىلەن بەزى دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىدىن پايدى-لىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ياكى مەزھەپ ماجىراسى تۇغدۇرۇش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئېچىلغان مەسچىتلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىگە ھەرقايسى جايلاردىكى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدىمۇ بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان. مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، دىنىي سىياسەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردا كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگىمۇ پايدىلىق.

يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەسچىتلەر ئېچىلغان جايلاردا، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئامما ئۆزلۈكىدىن پۇل يىغىش قىلىپ مەسچىت سالماقچى بولسا، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش كېرەك. ھوكۇمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن يېڭىدىن سېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئايرىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى سېلىنىشتىمۇ ئىقتىسات قىلىشقا دىققەت قىلىش، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. نۆۋەتتە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تېخى باياشات ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ جايدىكى مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىشتىمۇ، ئىنچىكە ھېساپ-كىتاپ قىلىش، زور كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىك كېرەك. مەملىكىتىمىز ھازىر 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، مالىيە جەھەتتە تېخى قىيىنچىلىق بار، دۆلەت پەقەت نۇقتىلىق ئېچىلغان ۋە داڭقى بار، قەدىمىي مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىشقىلا ئاز مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ياردەم بېرەلەيدۇ.

### 3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

ھازىر، ھەرقايسى دىنلارنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلىرىدىن جەمئىي 8 ى بار. ئىسلام دىنىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىق تەشكىلاتى— جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بولۇپ ھازىر جەمئىي 20 نەچچىسى بار. ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى كەڭ ئامما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشى، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇشى لازىم. بارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىمۇ دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا داۋاملىق يار-يۆلەك ۋە ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان دىنىي تەشكىلاتقا ھەقىقىي تۈردە ئايلاندۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ جايلاردىكى ھەيئەتلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرى ۋە باشقا مەسئۇللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جايلاردىكى ھەيئەتلىرىمۇ داۋاملىق تۈردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشى، دىنىي زاتلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشى، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا

پارتىيە ۋە ھوكۇمەتكە تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشى لازىم. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەيئەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسى يەرلىك ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭمۇ مەسئۇللىرى ۋە ھەيئەتلىرى، سىلەر ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ئاكتىپ پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، يەرلىك پارتىيە ۋە ھوكۇمەت ئورۇنلىرىغا ياردەملىشىپ سىياسەتنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزەڭلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىڭلارنى جارى قىلدۇرۇشۇڭلار، بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭلار كېرەك.

## 4. دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش — پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. ئىسلام دىنى زاتلىرىنى ئالساق، ئۇلار مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئارتۇق، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا، ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ۋەتەننى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، پارتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان بولدى. ئاساسىي قانۇنغا، پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغان، دىندىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىنتايىن ئازچىلىق. ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن مەنىۋى جەھەتتە زىچ مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش شەكلى ئارقىلىق، نۇرغۇن مۇلازىملىق خاراكتېرىدىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ، مەسىلەن: مەسچىتلەرنى ۋە ئىسلام مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ھەم ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى قوغداش، دىن توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار. شۇڭا، پارتىيە ۋە ھوكۇمەت ئۆز خىزمىتىدە ئەزەلدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردىكى پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش داۋامىدا، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارغا تېڭىلغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى سىياسىي جەھەتتە ئاقلىدى، بەزىلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېتىۋار بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. تېخى قايتا تەكشۈرۈپ ئاقلانمىغان ئەنزىلەر، ئەھۋالنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، چىڭ تۇتۇپ قايتا تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ھەل قىلىنىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ بىرمۇنچىسى كونا دوستلار، ئۇلار ئىلگىرى پارتىيە ۋە ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، "سول"چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، بەزى دوستلار چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بەزى سۆزلەرنى دەپ قويغان، بەزى خاتا ئىشلارنى قىلىپ سالغان، لېكىن، جاۋابكارلىق ئۇلاردا ئەمەس، ئاساسەن، رەھبەرلىكتىكى يېتەكچى ئىدىيىنىڭ "سول"چىللىقىدىن بولغان، بۇنىڭغا ئالدى بىلەن رەھبەرلىك

www.uyghurkitap.com

جاۋاپكار؛ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆز تونۇشىنى ئۇستۇرۇپ، ئاممىنىڭ كەچۈرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، داۋاملىق تۈردە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا ياردەم قىلىش كېرەك، ئۇلارنى مەسخىرە قىلماسلىق، چەتكە قاقماسلىق ياكى ئۇلارغا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بەرمەسلىك كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلىك سەپ تۈزۈپ، بىرلىكتە سوتسىيالىزم قۇرۇش — پارتىيىمىز سوتسىيالىزم دەۋرىدە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلىك سەپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش فاڭجېنىمۇ ئىزچىل فاڭجېن. بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلارنىڭ ۋە كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، داۋاملىق ئالغا بېسىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، بىرلىكتە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ توھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

## 5. ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

ياش ئەۋلادلاردىن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى پىلانلىق تۈردە يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش ھەرقايسى دىنلارنىڭ دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، شۇنداقلا نۆۋەتتە دىنىي ساھەدىكى دوستلار ئومۇمىي يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مەسىلە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى نۇرغۇن زاتلار ئۆزلىرىنىڭ زور كۆپچىلىگىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئادەملىرى يوقلۇقى مەسىلىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىزنىڭچە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ياشانغان دىنىي زاتلارنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي شۆبىۋەن، مەكتەپلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، شۇنداقلا خېلى يۇقۇرى دىنىي بىلىمگە ئىگە، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن دىنىي ۋەزىپىنى خاتىرجەم ئۆتىيەلەيدىغان يېڭى، ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىغىمۇ ياردەم بېرىش كېرەك. ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو ئىسلام شۆبىۋەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلار ۋە مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭمۇ مەلۇم ساندا ياشلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتىدىغان بىرقانچە يەرلىك ئىسلام شۆبىۋەنىنى ئېچىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئويلىنىۋاتىمىز. مەكتەپنىڭ فاڭجېنى ۋە ۋەزىپىسى، ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش نىشانى ۋە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى، ئوقۇش مۇددىتى ۋە دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتى قاتارلىق مەسىلىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، مەن ئۇنى تەكرارلىمايمەن. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن تەكلىپ بېرىشىنى سورايمىز. بىز بارلىق ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ئېڭىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە دىنىي بىلىمىنى تىرىشىپ يۇقۇرى كۆتۈرۈشىنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا

قىلىشنى ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياش دىنىي كەسپىي خادىملار بارلىق ھەقانى، ۋەتەنپەرۋەر پىشقەدەم دىنىي كەسپىي خادىملارغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى لازىم؛ بارلىق ياشانغان، ھەقانى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارمۇ ياش كەسپىي دىنىي خادىملارغا كۆيۈنۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملار ئەسلىدىكى دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرەلەيدۇ.

مەن بۇ يەردە يېڭى، ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاقىدار بولغان بىر مەسىلە يەنى يېڭى دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنىڭدا جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۈەنىنى ياخشى يولغا قويۇش ۋە بەزى يەرلىك ئىسلام شۇبىيۈەنلىرىنى پەيدىن-پەي قۇرۇپ چىقىشتىن باشقا، ئاخۇنۇملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئېچىپ، ھازىر بار دىنىي خادىملارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشنىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. شەرت-شارائىتى يار بېرىدىغان مەسچىتلەردە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇ مەسچىتنىڭ ئاخۇنى ئاز ساندا تالىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مەيلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل ياكى شەكىلنىڭ قايسىسىدا بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش مەقسەت قىلىنىش كېرەك؛ ئادەتتىكى ياش-ئۆسمۈرلەرگە كەلسەك، ئۇلار يەنىلا مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە كىرىپ تەربىيىلىنىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك، بۇ مەجبۇرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى ئومۇمى خاراكتېرلىق ئىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ھەمدە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ بۇنى توغرا تونۇشىنى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئارىسىدا بۇ ھەقتە كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشىنى، ھەممەيلەننىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## 6. دىنىي جەھەتتە خەلقارا دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

مەملىكىتىمىزدە ھازىر بار بولغان بىرقانچە ئاساسلىق دىنلارنىڭ كۆپىنچىسى خەلقارالىق دىنلار ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى بىرقانچە ئون دۆلەتتە كەڭ ئىجتىمائى تەسىرگە ئىگە، ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقارا بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدە چەتئەل بىلەن بولغان ئالاقىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە، بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئەللەر خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىپ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشى، دۇنيا تېچلىقىنى قوغدىشى ئۈچۈن پايدىلىق. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر يىلى ھەج قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

ۋە بەزى ئەللەرنىڭ زىيارەت قىلىشقا ئۆمەك ئەۋەتكەنىدىن باشقا، چەتئەللەرگە زىيارەت قىلىشقا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىش ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنى جۇڭگوغا كېلىپ زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئىشلىرىنىمۇ كۆپەيتتى. چەتئەللىكلەرگە ئېچىلغان بەزى چوڭ شەھەرلەردىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ۋە خەلقارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە ئېرىشكەن تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خوشال بولۇشتى، ئۇلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەقىقى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىزگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن، جۇڭگو ئىسلام دىنى تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرمۇ باشقا دىنىي ساھەدىكىلەرگە ئوخشاش، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق تۈردە ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىكى دىنىي زاتلار بىلەن ئۆزئارا زىيارەت قىلىش، دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە دىن جەھەتتىكى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. لېكىن بۇنداق بېرىش-كېلىشلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرۇش پىرىنسىپىدا چوقۇم چىڭ تۇرۇش، خەلقارالىق دىنىي ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى تىزگىنلىمەكچى بولۇشىنى ياكى بۇنىڭغا چاڭ سېلىشىنى قەتئىي رەت قىلىش لازىم، ھەرقانداق چەتئەل دىنىي تەشكىلاتىنىڭ مەملىكىتىمىزگە كېلىپ دىن تارقىتىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا دىن جەھەتتە چەتئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇش يېڭى بىر خىزمەت، ئىسلام دىنى ساھەسىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھەم مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەيئەتلەرنىڭ دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى خەلقارالىق بېرىش-كېلىشلەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھەيئەتلەر، دوستلار:

ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن كۈتۈۋالماقتا. بىز ئىشىنىمىزكى، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى چوقۇم پارتىيە رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ زور ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

ئاخىرىدا يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى، ھەرقايسىڭلارنىڭ تېنىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن!

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا قىلىنغان خىزمەت دوكلادى (قىسقارتىلمىسى)

(1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)

جاڭ جيې

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھەيئەتلەر، يولداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

خۇداغا شۈكۈر! جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بۈگۈن غەلىبىلىك ئېچىلدى. 1980 - يىلى 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ 1 - سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلغاندىن بۇيان، 2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. مەن ھازىر جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 2 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىچە دوكلات بېرىپ ئۆتمەكچىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، جەمىيىتىمىزنىڭ «قىسقىچە نىزامنامىسى»دىكى جەمىيەتنىڭ مەقسىدى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق.

### 1. ھۆكۈمەتكە ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەملەشتۇق

تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاكتىپ تۈردە ھۆكۈمەتكە ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىش، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش — ئاشۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم بىر يولى. 2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، جەمىيىتىمىزنىڭ پەخرى مۇدىرى پېشۋايىمىز بۇرھان شەھىدى شۇنداقلا مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، دائىمى ھەيئەتلىرى ۋە ھەيئەتلىرى، مەيلى بېيجىڭدا ياكى باشقا ئۆلكىلەردە بولسۇن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنلىرىغا ياكى باشقا يىغىنلارغا قاتنىشىپ، بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. جەمىيىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە خادىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كوپ قېتىم جەنۇبىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىغا بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى بارغان ئاساسلىق شەھەر ۋە ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كەلدى. جەمىيىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكىلەردىكى ھەيئەتلىرى، دائىمى ھەيئەتلىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بېيجىڭغا كەلگەن چاغلىرىدا، جەمىيىتىمىزگە كېلىپ، خىزمەت

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە سۆزلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى. ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرگە ۋە ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇش — ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم يولى. 1980-يىلدىن 1982-يىل 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، جەمئىيىتىمىز ھەرقايسى جايلاردىكى ھەيئەت، دائىمىي ھەيئەت، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن 122 پارچە، ئاممىدىن 1 مىڭ 457 پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن بەزى كىشىلەرنى كۈتۈۋالدى. يۇقۇرقىدەك يوللار ئارقىلىق ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى.

بىز مىللىي سىياسەتنى ۋە دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە چېتىلىدىغان بۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرگەن ھالدا، ئەستايىدىل بىر ياقىلىق قىلدۇق. ئۇلاردىن ئومۇمەن جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمىتى دائىرىسىگە تەئەللۇق بولغانلىرىنى، مەسىلەن، دىنىي كىتاپلارنى نەشر قىلىش، ئىسلام شۇبىيۇەنىنى ئېچىش، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق، بەزىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن شەرت-شارائىت يارىتىپ، پەيدىن-پەي ھەل قىلماقچىمىز؛ ھازىرچە بېجىرىش تەس بولغانلىرى ئۈستىدە، تەلەپ يازغۇچىلارغا جاۋاپ خەت يېزىپ، تېگىشلىك ئىزاھ بەردۇق. بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان شۇنداقلا ھەرقايسى جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، خېلى ئومۇمىي يۈزلۈك قويۇلغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش ۋە مەسچىتلەرنى ئېچىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىغا ئىنكاس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنىمۇ بەردۇق. ئۇقۇشىمىزچە، ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نۇرغۇن ئىسلام دىنى زاتلىرىغا توقۇلغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن ئاقلىغان، بەزى زاتلارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق تۈردە ئېتىۋار بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، مەسچىتلەر ۋە ئاددىي دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تەدرىجىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئېچىپ بېرىلدى. ھۆكۈمەت يەنە مەلۇم مىقداردا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، مەشھۇر قەدىمىي مەسچىتلەر ياكى باشقا ئىسلام ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى رېمونت قىلىشقا ياردەم بەردى. ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھۆرمەتلەندى ۋە قوغدالدى. ئاما نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمۇ بارغانسېرى نورماللاشتى، ھەرقايسى مەزھەپلەر بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى، بۇنىڭدىن كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىنتايىن خوشال بولماقتا.

## 2. قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتاپلارنى قايتىدىن باستۇردۇق، نەشر قىلدۇردۇق

1980-يىلدىن كېيىن، جەمئىيىتىمىز مىسىردا نەشر قىلىنغان قۇرئان كېرىمدىن 130 نەچچە مىڭنى باستۇردى. ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ دىنىي كىتاپلارنى ئۆگىنىشى، دىن ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلىشىغا ماسلىشىش ۋە ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش

ئۈچۈن، يەنە 30 نەچچە مىڭنى باستۇرۇش قارار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمى سانى 160 مىڭدىن ئاشىدۇ. خەنزۇچە-ئەرەبچە سېلىشتۇرما قىلىنغان ۋە شەرھى بېرىلگەن «خەتمە قۇرئان» جەمىيىتىمىز تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، باشقا ئورۇن تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا سېتىلدى. «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇل مۇسلىم»دىن ئىبارەت 2 چوڭ ھەدىسلەر توپلىمىدىن تاللاپ ئېلىنغان «ئەللۇئۇلۇئۇ ۋەلمەرجان»نى باستۇرماقچى بولغان ئىدۇق، بۇنىڭ كاررېكتورلۇق خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرگە مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى» دېگەن رەسىملەر توپلىمى تۈزۈپ باستۇرۇلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇلتۇر "بېيجىڭ ئىسلام كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى" قۇرۇلدى، بۇ ئورۇن جەمىيىتىمىز نەشر قىلغان قۇرئان، ژورنال، رەسىملەر توپلىمى، كالىندار، دىنىي كىتاپ قاتارلىقلارنى سېتىش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار يەنە پىروفېسسور ماجيەن ھايات چېغىدا تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە قۇرئان، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدىكى «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى»، خەنزۇچە-ئەرەبچە سېلىشتۇرما قىلىنغان «خەتمە قۇرئان» ۋە «ئەرەبچە-خەنزۇچە لۇغەت» قاتارلىق دىنىي كىتاپلارنى ۋاكالىتەن سېتىپ بەردى.

## 3. ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق

ئىسلام شۇيۈەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئومۇمى يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مەسىلە ئىدى، شۇنداقلا جەمىيىتىمىزنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى ئىدى. 4-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، جەمىيىتىمىز بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقلارنى باشلىۋەتكەن ئىدى. مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىسى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، 1980-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر قارار ئاخۇنۇملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچتۇق، يېرىم يىللىق بۇ كۇرسقا غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىن ھەم بېيجىڭ، تيەنجىن 2 شەھەردىن 31 نەپەر ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇدى. ئالىي سىنىپىنى ئېچىش مەسىلىسىدە، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە ئاشخانا جەھەتتە بەزى قىيىنچىلىقلار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش تەس بولغانلىقى ھەمدە تەييار دەرسلىك كەمچىل بولغانلىقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بۇ يىل 6-ئايغا كەلگەندە ئاندىن ھەرقايسى جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا رەسمىي ئوقتۇرۇش تارقاتتۇق، ھازىر ئىمتىھان ئېلىنىپ بولدى، 9-ئايدا دەرس باشلانماقچى.

ئىسلام دىنى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، جەمىيىتىمىز بۇ يىل 3-ئايدا مىسىردىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا 10 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، بۇلاردىن ئىككىسى بىلىم ئاشۇرغۇچى بولۇپ، قالغان 8 ئوقۇغۇچى مىسىردا 5 يىلدىن 6 يىلغىچە ئوقۇيدۇ. بۇ 10 نەپەر ئوقۇغۇچى 3 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان، بۇلار ئازاتلىقتىن كېيىن ئىسلام جەمىيىتى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار مىسىرغا بارغاندىن كېيىن، ئەزھەر دارىلفۇنۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4. كىتاب-ماتېرىياللارنى يىغىپ رەتلەپ، ئىسلام ئەقىدە-ئەھكاملىرى ۋە ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقاتنى قانات يايدۇردۇق

دىنىي كىتابلارنى سېتىۋېلىش، كىتابلارنى رەتلەپ چىقىش، ماتېرىياللارنى توپلاش، خادىملارنى تولۇقلاش — بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىمىزدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بولدى. مەسىلەن، ئۇلار باستۇرۇشقا تېگىشلىك دىنىي كىتابلارنى تاللاپ بېكىتتى، باسما ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە كوررېكتورلۇقنى ياخشى قىلدى؛ ئىسلام شۆبىيۈەنىنىڭ بىر قىسىم دەرسلىكلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى؛ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماقالا يېزىپ بەردى، ئۇلارنى جىددىي ئېھتىياجلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن چىققان ئىسلام دىنىغا دائىر كىتاب-ژۇرناللارنى رەتلەپ چىقتى ھەمدە 500 نۇسخىدىن ئارتۇق ھەر خىل قوليازما دىنىي كىتاب ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال قاتارلىقلارنى قايتا باستۇرۇپ، تولۇقلاپ تۈپلەپ چىقتى.

## 5. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 1981-يىل 9-ئايدا رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ ھازىر ھەر پەسىلدە بىر سان چىقىۋاتىدۇ، ھەر بىر سانى 70 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ رەسىملەر بېرىلىۋاتىدۇ، ھازىرغىچە 5 سان چىقتى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى: كىتابخانلارغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى، تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش؛ مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشلىرىنى خەۋەر قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا ئىگە بولدى، ھەرقايسى جايلاردىكى ھەيئەتلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ ژۇرنال توغرىسىدا نۇرغۇن ئۈمىت ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ژۇرنالغا ئاكتىپلىق بىلەن ماقالا يازدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يىغىنىمىزغا كەلگەن ھەيئەتلەر ۋە يولداشلارغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن باشقا، ژۇرنىلىمىزنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ژۇرنالغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىڭلەرنى، قىزغىنلىق بىلەن ماقالا يېزىشىڭلەرنى ئۈمىت قىلىمەن.

## 6. مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار ھەج ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەككىگە ھەج قىلىشقا ئەۋەتتۇق

4-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن، جەمئىيىتىمىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 2 قېتىم ھەج ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇردى، ئىككى قېتىمدا جەمئىي 37 ئادەم مەككىگە بېرىپ، ھەج

پەرزىنى ئادا قىلىپ كەلدى. ھەج قىلىش مەزگىلىدە، ئومىگىمىز پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇۋەپپەق بولدى، بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاسىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە زىياپىتىگە داخىل بولدى، بەزى مەملىكەتلەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن كەڭ-كۇشادە ئۇچراشتى، شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ، ئۆزبەك قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان بەزى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ياكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ھەج ئومىگى ھەر خىل پەرزلەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىپ، ھەرقايسى ئەل ھاجىملىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇلار بىز يېڭىدىن باسقان «قۇرئان»ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى»دېگەن رەسىملەر توپلىمىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. 1980-يىلدىكى ھەج ئومىگىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار دوستلۇق زىيارەت ئومىگى تەشكىل قىلىپ، سومالى، كۇۋەيت، پاكىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى ئىككى مەملىكەت تېخى مەملىكىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمىغان ئىدى، بۇ نۆۋەتتىكى دوستلۇق زىيارىتى ئارقىلىق، بۇ ئەللەر خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئالاقە ئورناتتۇق.

## 7. خەلقارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتتۇق

2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى زىيارەتتىن باشقا، جەمئىيىتىمىز يەنە جەمئى 16 كىشى (قېتىم)دىن تەركىب تاپقان 7 ۋەكىللەر ئومىگى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكلىپكە بىنائەن ئالجىرىيە، پاكىستان، ئىران، ئىراق، ئىوردانىيە، ياپونىيە قاتارلىق 6 مەملىكەتكە دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا ياكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە باشقا خەلقارالىق يىغىنلارغا قاتنىششقا ئەۋەتتۇق، يەنە ۋەكىللىرىمىز مەملىكىتىمىزدىكى باشقا دىنلاردىكى زاتلار بىلەن بىرلىكتە ۋەكىللەر ئومىگى تەشكىل قىلىپ، ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا دىندارلىرىنىڭ تېچلىق يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيىتىمىز كۇۋەيت، مىسىر، پاكىستان، شىمالىي يەمەن، سومالى، مالايشىيا، لىۋىيە ۋە باش ئورگىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تەسىس قىلىنغان ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى قاتارلىق 8 مەملىكەت ۋە تەشكىلاتنىڭ جەمئى 38 كىشىلىك 10 ئومىگىنى مەملىكىتىمىزگە كېلىپ دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، دىنىي ساھەدىكى ئاتاقلىق زاتلار ۋە ئۆلىمالار، قىرائەتچىلەر، مىنىستىرلار، ۋەزىرلەر ۋە سابىق زۇڭلى، سابىق مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بار. زىيارەت ئارقىلىق، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان دىنىي تۇرمۇشى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنچە ھاسىل قىلدى؛ مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ جەمئىيىتىمىزدە ئېكسكۇرسىيە ۋە سوھبەتتە بولغان چەتئەللىك مېھمانلار جەمئى 22 مەملىكەتتىن 199 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، بىز ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا، شىائگىلاڭ جۇڭخۇا ئىسلام شاپائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە شىائگىلاڭ جۇڭخۇا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسمۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئىچكىرىگە كېلىپ، غەربىي شىمال رايونلىرىدا سەيلى ـ ساياھەتتە بولدى. خىزمەتلىرىمىزدىكى بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھەرقايسى رايونلاردىكى ھوكۇمەت ئورۇنلىرى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھەم ھەيئەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىپ بېرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەن ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پەلەستىن ۋە ئەرەپ ئەللىرى خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن، ئافغانىستان خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىكىنىڭ قوراللىق ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن، جەمئىيىتىمىزنىڭ مەسئۇللىرى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ۋە رادىيو ئىستانسىسىدا كۆپ قېتىم سوھبەت ياكى بايانات ئېلان قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى ھەققانىي سوزلەر بىلەن ئەيىپلىدى ھەمدە ئافغانىستانلىق ۋە سومالىلىق مۇسۇلمان مۇساپىرلارغا بەزى ماددىي ياردەملەرنى بېرىپ، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇلارنى قوللاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.

جەمئىيىتىمىز ئۆتكەندىكى 2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت، بىزنىڭ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، خىزمىتىمىزنى ياخشىلىشىمىزغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، باشقا مەسىلىلەر بولسا، كورسىتىپ بېرىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

ھەيئەتلەر، يولداشلار! ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا توۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

### 1) ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنى زاتلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى كۈچەيتىش

دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستى ھوكۇمىتىمىزنىڭ دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈپ سىياستى، ئۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك، ئىزچىل سىياسەت. بۇ ھەقتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە ھوكۇمىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھوججەتلىرىدە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە نىزامنامىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ مەقسىدىگە دائىر بەلگىلىمىلەر بويىچە، بىز خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، داۋاملىق تۈردە ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمىلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئىسلام دىنى زاتلىرىغا ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئوستۇرۇپ، ۋەتەننى سوييۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش كوزقارىشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىرلىكتە خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

## 2) جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياش دىنىي خادىملارنى پائال يېتىشتۈرۈش

ھازىر، بەزى جايلاردا ئاخۇنلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئادەم كەمچىل بولۇش مەسىلىسى خېلى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ، بۇ مەسىلىنى پەيدىن-پەي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك. ئالدى بىلەن، جەمئىيىتىمىز ئاچقان جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئالىي سىنىپىنىڭ 1-قارارىغا 40 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىل ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار 200 گە يەتكۈزۈلىدۇ. ھازىر ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئۆي-جاي مەسىلىسىنى تېز تۇتۇش قىلىپ ھەل قىلغاندىن باشقا، تېگىشلىك خادىملارنى سەپلەش كېرەك، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلاش، زۆرۈر بولغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يېڭىۋاشتىن تۈزۈپ بېسىش، مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ مەكتەپنى ئېچىشتىكى مەقسەت ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ۋە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياش دىنىي خادىملار ۋە تەتقىقاتچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. دىنىي دەرسلەردە ”دىندە تۇرۇپ، دىننى سوزلەش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدىيىۋى ئىستىلى ياخشى، ئىسلام دىنى كەسپى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياش ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. دىنىي دەرس بىلەن ئەرەپ تىلى دەرسىنىڭ سالمىقى دەرس ۋاقتىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا، ئوقۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەسلى كەلگەن جايىغا قايتىپ بارىدۇ ۋە ئاخۇن بولىدۇ.

ئالىي سىنىپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇنتىزىم يولغا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن، جەمئىيىتىمىز ھەرقايسى جايلارغا ياردەملىشىپ ئاخۇنلارنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ، قارارسىز تۈردە ھازىر ئىشلەۋاتقان ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچماقچى.

شىنجاڭ، گەنسۇ، يۈننەن، خېنەن، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىسلام شۆيۈەنى ياكى ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىغا كەلسەك، ئەگەر تەستىقتىن ئۆتكەن بولسىلا، جەمئىيىتىمىز دىنىي كىتابلار بىلەن تەمىنلەش، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەقىقەتەنمۇ ئاخۇنلارغا ئېھتىياجلىق، ئەمما ئىسلام شۆيۈەنى، ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىش شەرت-شارائىتى يوق بەزى جايلار يەرلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، مەسچىت ئىچىدە ئاز ساندا تالىپلارنى قوبۇل قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرسىمۇ بولىدۇ. لې
ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپەتتىكە كاپالەتلىك قىلىشى، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ، ئىلىم جەھەتتىنمۇ ياخشى بولغان ئاخۇنلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

## 3) «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تىرىشىپ ياخشى چىقىرىش

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش، ماقالىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بەت-سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشىلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتىن باشقا، ئۇنى ھازىرقى پەسىللىك ژۇرنالدىن قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتەلەمكچى بولۇۋاتىمىز ھەمدە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشىلايمىز.

بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە، كوپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا نەشر قىلىپ تارقاتساق دەپ ئويلاشقان ئىدۇق، لېكىن، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر كوپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى يەنىلا ئامال قىلىپ بېيجىڭدا ھەل قىلىشنى، تېز ئارىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىمىز.

## 4) ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرى، تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمىلىي كۈچىگە ھەمدە مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىغا قارىغاندا، ئالدى بىلەن، ئىسلام شۇبىيەنلىرى ۋە مەسچىتلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بەزى دىنىي كىتاپلارنى تاللاپ تەھرىرلەپ نەشر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيىتىمىزنىڭ نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ۋە كەينى-كەينىدىن باسمىغا تاپشۇرۇلىدىغان ھەر خىل دىنىي كىتاپلاردىن: «تەفسىر ئەلجالالەين»، «شەرھى ۋىقايە»، «خۇتبە» ۋە «ئەرەپچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرما ئىسلام بىلىملىرى» قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ كوررېكتۇرلۇغىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىمكان قەدەر بالدۇرراق نەشردىن چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق خەنزۇچە كىلاسسىك داڭلىق ئەسەرلەرگە تەھرىرلەپ تىنىش بەلگىلىرى قويۇپ چىقىش، «دۇنيا ئىسلام تارىخى كانسېپسىگى (دەسلەپكى نۇسخا)»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئۇيغۇرچە دىنىي كىتاپلارنى كوپەيتىپ بېسىش خىزمەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ياكى ئېلىپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ ئىشلارنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشقا تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىسلام شۇبىيەنىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئىماتىك پىلانىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ماتېرىياللارنى رەتلەپ ۋە يېزىپ چىقىپ، تەدرىجى ھالدا بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاكتىپلىق بىلەن شەرت-شارائىت يارىتىپ، ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساسلىق كىتاپلارنى ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە داڭلىق ئەسەرلەرنى تاللاپ، پىلانلىق تۈردە خەنزۇچىغا ياكى

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىش لازىم.

ماتېرىيال جۇغلاش ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى داڭلىق قۇرئان تەفسىرچىلىرى ۋە ياشانغان ئۆلىمالار بىلىدىغان مۇھىم ئەھۋاللارنى ۋە ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ماقالا ــ ئەسەرلەرنى، ھەرخىل قولىيازما قۇرئان ــ كىتابلارنى، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى، ئابىدە يېزىق-لىرى، نەقىش ۋە رەسىملەر ھەمدە ساپال، پار ــ پۇر ۋە مېتال بۇيۇملار قاتارلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلارنى ياخشى ساقلاش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىسلام تارىخىنى ۋە ئەقىدە ــ ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زۆرۈر، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋە ھەيئەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

## 5) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ياخشى يولغا قويۇش

ھازىرقى ئەھۋالغا ۋە شەرت ــ شارائىتقا ئاساسلانغاندا، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى يەنىلا بەك كۆپ بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەمما ھەج قىلىش ئومىگىنىڭ ئەزالىرى جەھەتتە، ئىلگىرىكى يىللاردى-كىدەك، مىللەت ۋە رايون قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك ھەمدە ئاك-تىپلىق بىلەن شەرت ــ شارائىت يارىتىپ، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەج قىلىش مەسىلىسىنى پەيدىن-پەي ھەل قىلىش كېرەك. ھەج قىلىش ئومىگى ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا ۋە ئېھتىياجغا قاراپ، بەزى ئىسلام ئەللىرىنى زىيارەت قىلىپ چەتئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرسە بولىدۇ.

## 6) مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇش

مەسچىتلەرنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، تەكشۈرۈش ــ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، مەسىلەن، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش، ئاخۇنۇملارنى تەكلىپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، خىراجەت كىرىم ــ چىقىمىنى باشقۇرۇش، ئاممىنىڭ پىكىر ــ تەلەپ-لىرى، ھەرخىل دىنىي پائالىيەتلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار. بىرمۇنچە جايلاردىكى مەسچىتلەردە، دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغان، بۇ بىر ياخشى ئامال ئىكەن، بۇ جەھەتتە، ناھايىتى كۆپ ياخشى تەجرىبىلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇ تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى تاللاش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم، بۇ ھەيئەت ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغان، دىنغا ئىخلاس باغلىغان، ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، مەزھەپ ماجىراسى قىلمايدىغان، دېموكراتىك ئاساستا كېڭەشىش روھىنى جارى قىلدۇرالايدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تېپىشى كېرەك.

ئاخۇنلار ــ ئۆز مەسچىتىدە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەر، شۇڭا، ئۇلارنىڭ قاتتىق

تەلەپ قويۇشى لازىم. ئاخۇنلار دىنىي كىتاپلارنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشى، دىنىي ئەقىدە ـ ئەكاملارنى پۇختا بىلىشى، ھەم دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ھەم سىياسەتنى بىلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، مەسچىتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرالايدۇ. ئاخۇنلار ۋە دىنىي زاتلار ھەر مىللەت ۋە مەزھەپ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىنتايىن قەدىرلىشى، ئومۇملۇققا ئېتىۋار بېرىپ، ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ھەرقايسى تەرەپ ئۆز تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، ئىچ ـ ئىتتىپاق بولۇشنى كۈچەيتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى لازىم.

مەسچىتنىڭ خىراجىتى جەھەتتە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ھالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش كېرەك، ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئىمكان قەدەر يېنىكلىتىش كېرەك، جامائەتكە مەجبۇرى سېلىق سېلىشقا بولمايدۇ، بارغانلا يەردە پۇل ۋە ئاشلىق نەپىقە ئالماسلىق كېرەك، ئىمكان بار مەسچىت ئۆزىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي جەھەتتىكى ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ”ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى“ ياكى ”ۋەتەنپەرۋەرلىك نىزامنامىسى“ تۈزۈپ چىقىپ، ئىسلام دىنى زاتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تولۇق كېڭىشىپ مۇزاكىرە قىلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئورتاق ئەمەل قىلسا بولىدۇ.

### 7) ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش ـ كېلىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش

جەمىيىتىمىزنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە كۈچىگە قاراپ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ياكى شەخسلەرنى مەملىكىتىمىزگە كېلىپ دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا پىلانلىق تۈردە داۋاملىق تەكلىپ قىلىشتىن باشقا، ئۆزىمىزمۇ تەكلىپكە بىنائەن ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ، بەزى ئىسلام ئەللىرىنى زىيارەت قىلدۇرۇشىمىز ۋە بەزى زورۇر خەلقارا يىغىنلارغا قاتناشتۇرۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە خەلقلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللاپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشىمىز ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىشىمىز لازىم.


مەن يۇقۇرىدا جەمىيىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈستىدە توختالدىم، بۇ خىزمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىدىن باشقا، مۇناسىۋەتلىك رايونلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمىيەتلىرى ھەم ھەيئەتلەرنىڭ داۋاملىق تۈردە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرۇشىنى، جەمىيىتىمىزنىڭ خىزمىتىگە يار ـ يۆلەك ۋە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1982 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 111 نەپەر ھەيئەت قاتناشتى، يەنە 48 نەپەر كىشى تەكلىپ بىلەن ۋە سىرتتىن قاتناشتى. يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ پىڭ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ گۇاڭشۈي، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ ليەنشېڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىن، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى يۇرتىنىڭ مەسلىھەتچىسى خەن يۇتۇڭ، شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى دىنىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، مەملىكەتلىك ئايالالار بىرلەشمىسى تەتقىقات، ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ قاتناشتى.

يىغىن ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار يىغىنى ۋە دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىننىڭ كۈن تەرتىۋى ۋە خىزمەت دوكلادى قاتارلىقلار مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى.

يىغىن ئېچىلىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماسۇڭتىڭ ئاخۇنۇم ھۆرمەت بىلەن سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلدى، باش كاتىپ ياڭ رۇنشېن



4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى

www.uyghurkitap.com

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقا جايدا داۋالىنىپ دەم ئېلىۋاتقان پەخرى مۇدىرى بۇرھان شەھەدىنىڭ يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى، مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت داموللام ھاجىم ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، ئاخىردا مۇدىر جاڭ جيې جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەتلەرنىڭ روھى ئۇرغۇپ، يىغىن زالىدا ئۇزۇلدۇرمەي قىزغىن ئالقىشلار ياڭرىتى.

يىغىن مەزگىلىدە، چياۋ ليەنشېڭ، خۇاڭ گۇاڭشۈي، خەن يۈتۇڭ قاتارلىق يولداشلار دىنىي سىياسەت، مىللىي سىياسەت ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ لايىھەسىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا يېتەكلەش دوكلادى بەردى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ ليەنشېڭ دوكلادىدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىنى نەزەرىيە ۋە سىياسەت جەھەتلەردىن ئەتراپلىق بايان قىلىپ ئۆتتى. خۇاڭ گۇاڭشۈي ئۆز دوكلادىدا، ئالدى بىلەن، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختالدى، ئاندىن يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك ئىككى خىل مىللەتچىلىك قاتارلىق 5 مەسىلىنى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قوغداش ۋە كۈچەيتىشكە؛ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە؛ مىللىي مائارىپنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى پەيدىن-پەي ھەممە مۇمكىن قەدەر ئۆزگەرتىشكە؛ مىللىي كادىرلارنى پەيدىن-پەي ئىنقىلابىيلاشتۇرۇشقا، بىلىم ئەھلىگە، كەسپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشقا، ياشارتىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تۈگىتىشكە دىققەت قىلىشقا تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ. خەن يۈتۇڭ سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى ۋە مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەسىلىسى قاتارلىق 3 مەسىلىنى شەرھلەپ ئۆتتى. ئۇ ئالدىنقى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مۇنۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باپ-باراۋەر دېگەن پىرىنسىپنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا، ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسىنىڭ 35-ماددىسىدا، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى بولغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى ۋە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ھەممە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدىغانلىقىغا دائىر ئېنىق بەلگىلىمە بار. ئېلىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ ئوبدان ياردەملەشىپ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك.


ھەر قېتىملىق دوكلاتتىن كېيىن، ھەيئەتلەر گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرىگە

ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەيئەتلەر مۇزاكىرە داۋامدا بەس ـ بەستە پىكىر بەردى، كەيپىيات قىزغىن بولدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋاقتىدا، ھەم ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈستىدىكى پىكىر ۋە تەلەپلەر كەڭ ـ كۇشادە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋلىيەنشېڭنىڭ دىنىي سىياسەت توغرىسىدىكى دوكلادى ئۈستىدە، ھەيئەتلەر بىردەك ھالدا، ”ناھايىتى ئوبدان دوكلات بولدى“، بۇ دوكلات ھەم مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېڭى روھىغا ۋە دىنىي سىياسەتكە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈردى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە ئېنىق يونۇلۇش كۆرسىتىپ بەردى، دەپ ھېساپلاشتى. ھەيئەتلەر يەنە نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئارقىلىق ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ بۇزۇۋەتكەن دىنىي سىياسەتنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە خاتىرجەم بولۇپ، چوقۇم ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان ئوبدان پۇقرا بولۇپ، ۋەتەننىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بىر قىسىم ھەيئەتلەر يەنە ياپونىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ دەرسلىكلەردە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان تارىخنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لياۋ چېڭجىنىڭ جياڭ جىڭگو ئەپەندىگە يازغان خېتى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يىغىن تولۇق كېڭىشىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تولۇقلاپ سايلانغان ھەيئەتلەرگە، بولۇپمۇ يېڭىدىن قوشۇپ سايلانغان ئايال ھەيئەتلەرگە بىردەك قوشۇلدى ھەم ئەخمەت ۋاجىدىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانلىقىنى جاكالىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماشيەن يىغىننى يېپىش نۇتقى سۆزلىدى، شۇنىڭ بىلەن يىغىن كىشىنى قانائەتلەندۈرەرلىك نەتىجىلەر بىلەن ئاياقلاشتى.

يىغىن قىزغىن ئېچىلدى، ۋاقىتلارمۇ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىغىن سىرتىدا ھەر خىل مەزمۇندىكى پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىغىن ئېچىلغاندىن تارتىپ يېپىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ئۆتتى، بارلىق ھەيئەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، نيۇجيې ۋە دۇڭسىدىكى مەسچىتلەرگە بېرىپ پايتەختتىكى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك مۇسۇل-



بىر قىسىم ئايال ھەيئەتلەر. سۈرەتنى يۈسۈپ تارتقان

مانلار بىلەن بىللە ناماز ئوقىدى. 8-ئاينىڭ 16-كۈنى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىرلىشىپ چاي بېرىپ يىغىن ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى. چاي ئولتۇرۇشىدا بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مائاۋىن باشلىقى جياڭ پىڭ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش-ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىلىم تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؛ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىز يەنىلا دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، دىنىي ساھەدىكى كەڭ زاتلار بىلەن بىر بىرىگە سىر بېرىش، بار-يوقىنى تەڭ كۆرۈش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشىمىز لازىم. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان، بىردىن-بىر توغرا بولغان دىنىي سىياسەت. ئۇنىڭ سۆزى قىزغىن ئالقىشلارغا سازاۋەر بولدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماشيەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتتى؛ ئۇ مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم رەھبەرلىكنىڭ غەمخورلۇغىنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ھۆججەتلەرنى ۋە رەھبەرلەرنىڭ دوكلاتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 80-يىللاردىكى 3 چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز. رەڭگا-رەڭ چىراقلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان مىللەتلەر سارىيى زىياپەت زالىدا، ھەيئەتلەر پايتەختتىكى ئاتاقلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئورۇنلىغان مۇزىكا، ئۇسۇل، ناخشا، شياڭشېڭ ۋە گىرىمسىز جىڭجۈي تىياتىرى قاتارلىق تاللانغان نومۇرلارنى كۆردى.

يىغىن يەنە كىنو كۆرۈش، سىرك ئويۇنلىرىنى كۆرۈش ۋە زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بولۇپمۇ ھەيئەتلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، ئۇلار 8-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭنەنخەيدىكى ماۋجۇشىنىڭ تۇرغان جايىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلار داھىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نەزەر سالدى، بىرمۇنچە كىشىلەر ھاياجاندىن ئىسسىق ياشلىرىنى ئېقىتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: 10 كۈنلا داۋاملاشقان يىغىن داۋامىدا دوكلات ئاڭلاش، ھۆججەت ئۆگىنىش، مۇزاكىرە، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، بىلىمىمىز ئاشتى، خىزمەت ئىشەنچىمىز چىڭىدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈپ، تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرىمىز.

(ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى

**ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى**

ئىللىق 5-ئايدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە كۈنىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى.

5-ئاينىڭ 11-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەپ داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزدى. خاتىرىلەش يىغىنىغا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جۇڭشۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېن، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ ليەنشېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جۇڭشۈن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: "30 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى...... جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن 30 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ماڭغان يولىنىڭ تامامەن توغرا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك."

ئۇ نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، تارىخىي تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى ۋە مۇنۇ 4 پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىش؛ 2) داۋاملىق تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياردەملىشىش؛ 3) ئىسلام شۇيۈەنىنى داۋاملىق ئوبدان باشقۇرۇپ، پىلانلىق تۈردە ياش بىر ئەۋلاد دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش؛ 4) خەلقارا بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي قوللاش.

www.uyghurkitap.com

ئاخىردا، ئۇ مۇنداق دېدى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، 6-ئاينىڭ باشلىرىدا 6-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلماقچى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى نۇرغۇن دوستلار 6-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى ياكى 6-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. بۇ — خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، سىلەرنىڭ خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، خەلق تاپشۇرغان مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىپ، ئىككى يىغىننى ئوبدان ئېچىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيا تېنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

بىرلىك سەپ بولۇمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېن مۇنداق دېدى: مەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بولۇمى نامىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرىنى ۋە بارلىق خادىملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4-نوۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: نوۋەتتە، خىزمەتلىرىمىزدە ۋەزىيەت چوڭ ياخشى. مەملىكىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئاخىردا ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: دىنىي خىزمەت ئېلىمىز بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇھال بىزدىن داۋاملىق تۈردە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئاساسىي قانۇننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

گۇۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ لىيەنشېڭ ئۆز سۆزىدە يىغىننى تەبرىكلىگەن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە دىنىي خىزمەتتە، بەزى جايلاردا، "سول"چىللىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ تېخى تولۇق تازىلىنىپ بولمىغانلىقىنى، بەزى جايلاردا مەيلىگە قويۇپ بېرىش ئەھۋاللىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇلارنى تۈگىتىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. ئاخىردا ئۇ تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارغا ۋە 4-نوۋەتلىك كومىتېتنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ھەيئەتلەرگە ئۆزىنىڭ تەكلىپ ۋە ئۈمىتلىرىنى قويۇپ ئۆتتى، ئۇ ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: داۋاملىق تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياردەملىشىش؛ ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى ئاكتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش؛ ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقاتنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى خەلقارا دوستانە بېرىش-كېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق

ئوبدان ئىشلەش؛ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مۇۋاپىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئەمەلىيەتكە چوكۇپ، يۈزبەرگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىگە ياردەملىشىش.

پەخرى مۇدىر بۇرھان شەھىدى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى ھەم ئۇنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پىكىر ۋە تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىشىنى؛ ئۈزلۈكسىز تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىنى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ بۇ ئولتۇرۇشتا تەيۋەنلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى بەك سېغىنغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تەيۋەننىڭ ۋەتەن قوينىغا بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلاش يولىدا ئۇلار بىلەن بىللە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تەبرىكلەش يىغىنى مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت داموللا ھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى بىلەن باشلاندى، يىغىنغا مۇئاۋىن مۇدىر ئەن شۈبېي رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشى سۆز قىلىپ، تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنى ھەم مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى. تەبرىكلەش يىغىنىدا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھامۇت داموللا ھاجىم، يەملەيخا مۇپتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شى كۈنبىن ئاخۇنلار تەبرىكلەپ سۆز قىلدى.

ھامۇت داموللا ھاجىم ئۆز سۆزىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدە، ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەينى-كەينىدىن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قالتىس ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى، ھۆكۈمەتكە ئەھۋاللارنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى، تەكلىپلەرنى بەردى، دىنىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى كېڭەشىش يولى بىلەن ھەل قىلدى، مۇسۇلمانلارغا ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، بىرمۇنچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ يەنە سۆزىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، مەسىلەن، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشتە شىنجاڭغا مەلۇم سان بەرگەنلىكىنى؛ جۇڭگو ئىسلام شۆبىيۈەنىنىڭمۇ شىنجاڭ رايونىغا ئىزچىل ئېتىۋار بېرىپ

كەلگەنلىكى، شىنجاڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، 3-ئومۇ يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلام شۆبىيۈەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىن 12 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغانلىقىنى، مىسىرغا ئەۋەتكەن 10 ئوقۇغۇچىنىڭ 3 نەپىرى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە يەنە شىنجاڭدا بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلغانلىقى ۋە بۇ كۇرسنىڭ 5-ئاينىڭ باشلىرىدا ئاياقلاشقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە مۇنداق دېدى: بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىش ئېچكى-تاشقى جەھەتتە ئوبدان تەسىر قوزغىدى. ئۇ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشر قىلىشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خوشال ئىكەنلىگىنى بىلدۈردى.

مۇئاۋىن مۇدىر يەملەيخا سۆزىنىڭ بېشىدىلا مەركەزدىكى باشلىقلار بىلەن بىر يەردە بولغانلىغى ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بىۋاستە ئاڭلىغانلىغى ئۈچۈن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىغا ۋاكالىتەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇغىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 3-ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇغى ئاستىدا، ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىدىگە ئاساسەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام جەمئىيىتى ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان دىنىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 12-قۇرۇلتايدا تۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش دېگەن ئۇلۇغۋار پۇروگىراما ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى تولۇق نامايەن قىلدى. ئۇ يەنە قۇرئاندىن "سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بىر بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار" دېگەن ئايەتنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر" دېگەن ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىت قىلدى.

شى كۇنبىن ئاخۇنۇم بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

5-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 48 نەپەر دائىمى ھەيئەت قاتناشتى، بېيجىڭدىكى ھەيئەتلەر ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرى بولۇپ 45 ئادەم يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىننى ئېچىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىۋى ۋە يىغىنغا بېرىلىدىغان دوكلات ماقۇللاندى.

5-ئاينىڭ 12-كۈنى، مۇئاۋىن مۇدىر ئەخمەت ۋاجىدى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇنۇم سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى خىزمەت دوكلادى بەردى. ئۇ يىغىنغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1982-

يىل 8-ئايدا ئېچىلغان 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى دوكلات قىلىپ ئۆتتى.

12-ۋە 13-كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن يىغىن قاتناشچىلىرى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى ئېلىپ باردى. يىغىنغا قاتناشقان دائىمى ھەيئەتلەر مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، ھەممەيلەن بىردەك، بۇ سۆزلەر ئىسلام دىنىغا دائىر خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن يونىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىغا مۇھىم مەزمۇنلارنى قوشتى، دەپ قارىدى ھەمدە ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە ھەقىقى تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دائىمى ھەيئەتلەر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى كۆرۈپ چىقىشقا بىرلەشتۈرۈپ، جايلاردىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈستىدە كەڭ كۇشادە سۆزلەشتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتلەرنى قانداق قانات يايدۇرۇشى توغرىسىدا ئۇبدان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. 14-كۈنى ھۇسەيىن ھاجىم، ھامۇت داموللا ھاجىم، يەملەيخا مۇپتى، ئابدۇللا داموللام، ما شۇيخەي، مۇ يىبلەن، ما گۇڭيىڭ، ما رېنبىن، لى خۇڭبىن، چېن گۋاڭيۈەنلەر چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە، مەركەزلىك ھالدا بۇ قېتىمقى دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار بىردەك مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزى دائىمى ھەيئەتلەر ئۆز سۆزىدە داۋاملىق تۈردە مىللى، دىنىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەزھەپ ماجىراسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆز رايونىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە قوللانغان كونكرېت تەدبىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ بەزى دائىمى ھەيئەتلەر ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئۆگىنىپ، ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا كېرەكلىك بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ئىگەللەشگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇنداق قىلىشنى قوللىشى كېرەك دىگەن تەكلىپنى بەردى؛ ئىسلام شۇيۈەنىنى ۋە يەرلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇپ، دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسەت، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكلىپ قىلدى؛ بەزى دائىمى ھەيئەتلەر ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، تەتقىقاتچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىت قىلدى. يەنە بەزى دائىمى ھەيئەتلەر ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ھەم دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ھەم ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ياردەملىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت، ۋەتەننى كۆكەرتىش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلدى. دائىمى ھەيئەتلەر ئۆز سۆزلىرىدە يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگەللەپ، ھۆكۈمەتكە ئۇنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈشنى ھەمدە تەكلىپلەرنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

14-كۈنى چۈشتىن كېيىن يىغىندا مۇئاۋىن مۇدىر ما شيەن دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىدىن

(ئاخىرى 59-بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنىڭ 1982 ـ يىللىق ئالىي سىنىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 1982 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەكتەپ زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىم باشلىنىش بىلەن، ئوقۇغۇچى ياڭ شياۋلۇڭ سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلدى. ئىسلام شۇبىيۇەنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيتىنىڭ مەسئۇللىرى ئىلگىرـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما ۋېيجى شۇبىيۇەنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى نامىدىن، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، شۇبىيۇەنىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغان ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنى ئەسلىگەن كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى، شۇبىيۇەنىنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش نىشانى ۋە مەقسىدى، شۇبىيۇەنىڭ بۇ يىللىق ئالىي سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسى ھەم ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى نامىدىن سۆز قىلدى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنىڭ 50 ـ يىللاردا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي تارماقلارنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ كۆڭۈل بولگەنلىكى ۋە يېتەكلەپ ماڭغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

"1980 ـ يىلى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئىسلام شۇبىيۇەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا مۇناسىپ قارار چىقاردى. بۇ قارار پىلانلىق تۈردە ياش بىر ئەۋلات ۋەتەنپەرۋەر كەسپىي دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە دەپ قارالدى. جۇڭگو ئىسلام شۇبىيۇەنىنىڭ ئالىي سىنىپىنىڭ ئېچىلىشى دەل دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى."

شېن شياشى ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتنىڭ، مەكتەپنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويماي، بۇ غەلىبە مېۋىسىنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ مەقسىدىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈردى ھەمدە ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈش نىشانىنى تەپسىلىي شەرھلىدى؛ ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردە 5 يىللىق ئۆگىنىش ئارقىلىق مەلۇم ئۆلچەمگە يېتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىن ئىسلام شۇبىيۇەنى 1955 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخنى ئەسلەپ كېلىپ، مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرـ

سەتتى: جۇڭگو ئىسلام شۇيېۋەنى ئىلگىرىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە "سول"چىللىق سەۋەنلىكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ شۇيېۋەن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى نامايەن قىلدى؛ سوتسىيالىزم شارائىتىدا، مۇشۇنداق خاراكتېردىكى دىنىي شۇيېۋەن-مەكتەپلەرنى ئېچىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاپ بەردى، بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوبدان تەسىر پەيدا قىلدى؛ ئوتمۇشنى ئەسلەشتىكى مەقسەت كەلگۈسنى نەزەردە تۇتۇش؛ ھازىرقى ئەھۋال 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ؛ پىلانلىق تۇردە ئاخۇن ۋە ئىسلام دىنى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددى ۋەزىپە؛ بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەن ياۋبىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئۆگىنىش مەقسىدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى؛ قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى؛ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئەدەپلىك بولۇش، ئۆزئارا ئىتتىپاقلەشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كوپچىلىكنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى كۈچىنى ئۆگىنىشكە قارىتىشنى ئۈمىت قىلدى.

بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى، دۇڭسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەن شۈپى مۇنداق دىدى: ئىسلام دىنى جەھەتتە ئىز باسارلار يېتىشتۈرۈش دەۋرنىڭ، دولەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئېھتىياجى؛ جۇڭگو ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئوقۇش باشلىشى خەلق ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، كىشىلەر قەلبىگە تازا ياقىدۇ؛ ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى، جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئېچىلىشى، زورۇر بولغان دىنىي كىتاپلارنىڭ نەشر قىلىنىشى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ نەزىرىيە جەھەتتىمۇ، سىياسەت جەھەتتىمۇ ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

ئەن شۈپى ئىسلام شۇيېۋەنىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇنۇلارنى ئۈمىت قىلدى: جۇڭگو ئىسلام شۇيېۋەنى ئىسلام شۇيېۋەن ـ مەكتەپلىرى مائارىپىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئۈلگە كورسىتىپ، تەجرىبە يارىتىپ، ھەرقايسى جايلاردا يېڭى بىر ئەۋلات كەسپىي دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ھازىرقى ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ ئەۋزەل ئۆگىنىش شارائىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پۇختا، قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىشنى ئۈمىت قىلدى. بۇ پىشقەدەم زات ئوقۇغۇچىلارغا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتىن ئىبارەت ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇشنى سەممىي جېكىلىدى. ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر" دىگەن تەلىمىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلاردىن چوقۇم پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقنى، چوقۇم پىشقەدەم ئاخۇنلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقنى ئۈمىت قىلدى. ئۇ ئاخىردا: "چوجە خورازنىڭ ئاۋازى قېرى خورازنىڭ ئاۋازىدىن زىل ئاڭلىنىدۇ" دەپ كوپچىلىكنى رىغبەتلەندۈردى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى باشقۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

لياۋنىڭ، جىلىن ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىرلىشىپ ئاچقان شېنياڭ ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شېنياڭ شەھىرى نەنسى مەسچىتىدىكى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا لياۋنىڭ ئۆلكىسى، شېنياڭ شەھىرى ۋە شېنخې رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھەرقايسى دىنىي ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار ۋە دىنىي شۇيۈەن-مەكتەپلەرنىڭ، شۇنىڭدەك شەرقىي شىمال 3 ئۆلكىنىڭ ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ مەسئۇللىرى، دەرس ئۆتۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ جەمئىي 90 نەچچە ئادەم قاتناشتى. مۇراسىم باشلانغاندىن كېيىن، جىلىن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەن جىڭخېڭ ئاخۇنۇم سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلدى. ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ فۇرۇي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى (تېلېگراممىا ئايرىم بېرىلدى).

ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ، 3 ئۆلكە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.

لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ مۇدىرى لى خۇڭبىن بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر نامىدىن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مۇناسىۋەتلىك

---

ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ ئىلمى مۇدىرى ياڭ يۇڭچاڭ بېيجىڭ چەتئەل تىلى شۇيۈەنى ئەرەپ تىلى پاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور نا جۇڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. پىروفېسسور نا جۇڭ تەبرىك خېتىدە: جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى چوڭ ئىش، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى دېگەن ھەم شۇيۈەنىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۈگۈشلۈق يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك خادىملارنى مۇمكىن قەدەر تېز يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى تىلىگەن.

ئوقۇغۇچى گوچۈەنمېي 21 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 42 نەپەر ئوقۇغۇچى نامىدىن سۆزلەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا گوۋۈيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللىي ئىشلار ھەيئىتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى ۋە مەشھۇر زاتلاردىن دەن تۇڭ، ۋەن ياۋبىن، ماسۇڭتىڭ، ليۇپىنيى، ئەخمەت ۋاجىدى، جياڭ بىڭدو، ئەن شۋېي، لىن شىڭخۇا، شى كۇنبىن قاتارلىقلار قاتناشتى. (يى دىڭ، ۋېن سەي)

تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ، شەرقىي شىمالدىكى 3 ئۆلكىنىڭ ۋە شېنياڭ شەھىرىنىڭ رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قىلغان ياردىمىگە سەممىي رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "شېنياڭ ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ قۇرۇلغانلىقى 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ ئەمەلىيلىشىپ، ھەقىقىي تۈردە چەچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇنداق مەكتەپ شەرقىي شىمالدا كورۇلۇپ باقمىغان. كونا جەمئىيەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن پىشقەدەملىرى ئەرەپ تىلى شۇيېۋەنى قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشقا ئاشمىغان ئىدى. بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دولەتتىلا ئۇ ھەقىقىي رىياللىققا ئايلاندى. بۇ، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ بىزگە قىلغان سەممىي غەمخورلۇغى ۋە بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىغى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ". ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھوكۇمەتنىڭ غەمخورلۇغىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ئەۋزەل ئوقۇش شارائىتىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەخلاقلىق-بىلىملىك ئاخۇنلاردىن بولۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "سىلەر ئەۋزەل سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە ياشاۋاتىسىلەر، شۇيېۋەن بىلىملىك، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئەرەپ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى سىلەرگە دەرس ئوتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت سىلەرنى ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇكسەك مەدەنىيەتكە ۋە دىنىي بىلىملەرگە ئىگە يېڭى بىر ئەۋلات ئاخۇنلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش. بۇ، ئاللا سىلەرگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: 'ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر' دېگەن ئىدى، بۇ ئاللاتائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەن سىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە دىنىي بىلىم سەۋىيەڭلارنى ئۇستۇرۇشۇڭلارنى؛ ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، مەدەنىيەتلىك-ئەدەپلىك بولۇپ، '5' كە دىققەت قىلىش، 4 تە گۈزەل بولۇش، 3 نى قىزغىن سۆيۈش'نىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن".

ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ باش مۇدىرى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى جېڭ لۇڭخۇي ئۆز سۆزىدە ئىسلام شۇيېۋەنىنىڭ مەقسىدىنى تەكىتلەپ كورسەتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى شۇيېۋەنىنىڭ بارلىق قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا دالالەت قىلدى ھەمدە مۇنداق دېدى: دىنىي شۇيېۋەنىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىگى بولىدۇ، مەسىلەن، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇشقا بىر تۈزۈم قاتارىدا چوقۇم قاتتىق ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك؛ ئوقۇتقۇچىلارنى ھورمەتلىشىڭلار، دىننى سۆيۈشىڭلار، مەكتەپنى ئۆز ئۆيۈڭلاردەك كورۈشۈڭلار، مەكتەپنىڭ ئابرويىغا كوڭۈل بولۇشۇڭلار، تازىلىق ۋە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىشىڭلار، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىپ، بىر بىرىڭلارنى ئاسرىشىڭلار، ئۆزئارا ئۆگىنىشىڭلار، بىر بىرىڭلارنى ھورمەتلەپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىڭلار كېرەك؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، تەن سالامەتلىگىڭلارنى ئۈزلۈكسىز ئوستۇرۇپ، تۇرلۇك ئۆگىنىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭلار لازىم. يۇقۇرقىلارنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ھوكۇمەتنىڭ سىلەرگە قىلغان غەمخورلۇغىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ سىلەردىن

كۆتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان بولۇسلەر.

ئولكىلىك مىللى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئا يىڭچېڭ ئۆز سۆزىدە مۇنداق دىدى: "شىنياڭ ئىسلام شۇيۇەنىنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىغى شەرقىي شىمالدىكى 3 ئولكە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر چوڭ ئىش. بۈگۈن ئوتكۈزۈلگەن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ ئوزى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستىنىڭ ئىزچىل ئەمىلىيلەشكەنلىگىنى، بۇ سىياسەتنىڭ بىردىن-بىر توغرا سىياسەت ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىلەر ئىسلام شۇيۇەنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى ئەۋلات يېڭىچە ئاخۇنلار، 3 ئولكىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈممىتىنى ياش تايانچلارغا باغلىماقتا، سىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇھىم رول ئوينايسىلەر."

لياۋنىڭ ئولكىلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى گاۋسېن ئالدى بىلەن ئىسلام شۇيۇەنىنىڭ خاراكتىرى ۋە ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈش نىشانىسىنى شەرھلەپ ئوتتى. ئۇ كوپچىلىكنى ئىسلام دىنىنىڭ پەن-مەدىنىيەت بىلىملىرىگىمۇ ئىگە، دىنىي بىلىملەرگىمۇ ئىگە كەسپىي دىنىي خادىملىرىدىن بولۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن ئەرەپچە، ئېنگلىزچىنى ئىگەللەپ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

شىنياڭ شەھەرلىك مىللى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تيپ يۇيجۇ مۇنداق دىدى: شىنياڭدا ئىسلام شۇيۇەنىنىڭ قۇرۇلۇشى دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم بولۇپ، ئەمدى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەم بولۇش مەسىلىسى ھەل بولىدۇ، بۇ — شەرقىي شىمالدىكى 3 ئولكە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈمىدى ۋە تەلىۋى. ئىسلام شۇيۇەنى شىنياڭ شەھىرىگە جايلاشتى، شۇڭا، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شۇيۇەننى قوللاپ، ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان باشقۇرىمىز.

ئوقۇغۇچى ياڭ جۇمىن شەرقىي شىمالدىكى 3 ئولكىنىڭ 30 نەچچە شەھەر، ناھىيىلىرىدىن كەلگەن 57 ئوقۇغۇچىغا ۋاكالىتەن سوز قىلىپ، ئوزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ ئوتتى.

جىلىن ئولكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەن جىڭخېڭ ئاخۇنۇم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىدىن خۇي شىڭۋۇ ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشقان مېھمانلارمۇ قىزغىن سوز قىلىپ، بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئوبدان تىلەكلەرنى تىلىدى.

ئاخىردا، خۇيزۇ مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئەدىبىيات-سەنئەت خادىملىرى ۋە خۇيزۇلار باشلانغۇچ مەكتىۋى، خۇيزۇ بالىلار باغچىسىدىكى كىچىك دوستلار تاللانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى كورسەتتى.

(جاۋ يۇڭچېڭ)

## تەبرىك تېلېگراممىسى

شىنياڭ ئىسلام شۇيۇەنىگە:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

3-ئاينىڭ 17-كۈنى شۇيۇەنىڭلاردا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئوتكۈزۈلىدىغانلىغىدىن خوشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتۇق، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. سىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستىنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش، يېڭى ئەۋلات ۋەتەنپەرۋەر كەسپىي دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارنى تىلەيمىز.

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى
جۇڭگو ئىسلام شۇيۇەنى
1983-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى

# شىنجاڭدا ئېچىلغان 1 ـ قارارلىق ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئوقۇش پۈتتۈردى

ئىبراھىم روزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى ئاچقان ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى 1982 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە دەرس باشلاپ، بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئوقۇشنى ئاياقلاشتۇردى.

بۇ قېتىمقى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا 57 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 32 نەپەر، خۇيزۇ 13 نەپەر، قازاق 8 نەپەر، قىرغىز 3 نەپەر، ئۆزبەك 1 نەپەر)، ئۇلار تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ھەمدە مەلۇم دىنىي ساۋاتقا ئىگە دىنىي كەسپىي خادىملاردۇر.

ئۇلار بىلىم ئاشۇرۇش داۋامىدا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، «تەپسىر جالالەين»، «ھەدىس» ۋە ئىسلام دىنى تارىخىنى، دۆلەت قانۇنلىرىغا دائىر بىلىملەر ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەندى. ئۇلار جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سىياسى، دىنىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر چوڭ نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدى.

بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىنىي ساۋادى تۆۋەن بولغاچقا ئۆگىنىشتە قىينىلىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار ھەسسىلەپ تىرىشتى ھەمدە ئۆگىنىشتە ياخشىلارنى ئۇستاز تۇتتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشى تېز بولدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بۇ دىنىي كەسپىي خادىملار ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللى ئىشلار ھەيئىتى ۋە ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېچىلغان 1 ـ قارارلىق ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى بۈگۈن ئاخىرلاشتى، بۇ قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى بىر قەدەر زور نەتىجىلەرنى قازاندى. بۇ نەتىجىلەر، بىرىنچىدىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ ۋە بىزنى قوللاپ، بىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىزباسارلارنىڭ بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى؛ ئىككىنچىدىن، پىشقەدەم مۇدەررىسلەرنىڭ بىز ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى؛ ئۈچىنچىدىن، كۇرسانتلارنىڭ تىرىشىپ، قېتىقىنىپ ئۆگىنىشى؛ تۆتىنچىدىن، جەمىيەت تەشكىلىلەرنىڭ قىزغىن ياردەملىرىنى بېرىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى."

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرى تەكلىپ بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىسلام دىنىي كەسپىي خادىملىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيىدە بولدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىسلام دىنىي كەسپىي خادىملىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۆمەك باشلىقى ئابدۇغىنى داموللام ۋە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەھەممەت سېيىتنىڭ باشچىلىقىدا 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

بۇ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 15 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبەكتىن ئىبارەت 6 مىللەتتىن بولغان 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋەكىللىرى ياكى ئەزاسى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇغىنى داموللام قاتارلىق 2 كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە كەلگەنلەردۇر.

ئۇلار بېيجىڭدا بولغان كۈنلەردە ماۋجۇشىنىڭ دىدارىنى ئېھتىرام بىلەن كۆردى، ماۋجۇشىنىڭ بۇرۇنقى تۇرار جايىنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى، دۇڭسى مەسچىدى ۋە نيۇجيې مەسچىدى شۇنىڭدەك بېيجىڭ شەھەرلىك ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، سەددىچىن، شىسەنلىڭ ۋە خان سارىيى قاتارلىق مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلەر ھەم قەدىمى يادىكارلىقلارنى سەيلە-تاماشا قىلدى، بۇنىڭدىن سىرت يەر ئاستى پويىزىغىمۇ چۈشتى.

5-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە لى شيەننيەن، شى جۇڭشۈن، ئۇلەنفۇ، سەيپىدىن ئەزىزى، بەنچەن ئەردىنى چۆيجىجيەنزەن، بۇرھان شەھىدى، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي ۋە خۇچىلى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

---

قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. ئۇ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى ۋە ئالغا باسقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەلەپ ۋە ئۈمىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۇرسانتلار بىردەك ھالدا، ئۆز جايلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملىشىپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كۆپرەك تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى كۇرسانتلارغا شاھادەتنامە بەردى ۋە قۇرئان تەقدىم قىلدى.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ پىڭ قاتارلىقلارمۇ گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە زىياپەت بېرىشتىن بۇرۇن بارلىق ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ ئۇلارغا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلارغا قۇرئان تەقدىم قىلدى.

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا تۇرغان كۈنلەردە ئېكسكۇرسىيە يۈزىسىدىن سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئۆمەكنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى كەڭ-كۇشادە سۆزلەشتى. ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي خادىملىرىغا قىلغان غەمخورلۇقىغا سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇغېنى داموللام: ئېكسكۇرسىيە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خوشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي، نەچچە ئاخشام ئۇخلىيالمىدىم، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىزگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا ھەم ئېتىۋار بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن، دېدى. غوپۇر قازى موللام (قازاق): دىنىي خادىملارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش پارتىيە ۋە ھوكۇمىتىمىز قىلغان بىر چوڭ ياخشى ئىش، مەن كومپارتىيىگە مىڭلارچە رەخمەت ئوقۇيمەن، دېدى. مەخسۇت داموللام مۇنداق دېدى: ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، بىز ئون بېشى، يۈز بېشى ۋە مىڭ بېشىلارنىمۇ كورەلمەيتتۇق، ئۇلاردىن بەك قورقاتتۇق. ئازاتلىقتىن كېيىن، بىز مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سۈرەتلەرنىلا كورگەن، بۇ قېتىم بىز مەركەزدىكى رەھبەرلەرنى ئۆزكوزىمىز بىلەن كورۈپلا قالماي، بەلكى گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بەرگەن زىياپەتكە داخىل بولدۇق. پاكىت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىز ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان دىنىي خادىملارغا ھەقىقەتەن غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يەنە بۇ قېتىم بېيجىڭدا بىر قېتىملىق پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئالغانلىقىنى ئېيتىشتى. يې جىنخۋا ئاخۇنۇم (خۇيزۇ) مۇنداق دېدى: 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ئەمەلگە قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۈگۈن ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇغېنى داموللام مۇنداق دېدى: بىز بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دولەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتۇق ۋە زىياپەتكە داخىل بولدۇق، پەقەت سوتسىيالىستىك جۇڭگودىلا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار مۇشۇنداق ھورمەت ۋە ئاسراشقا ئىگە بولدۇق. بارات خەلپەم (تاجىك) مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم دۇڭسى مەسچىتى ۋە نيۇجيې مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ ئىككى مەسچىتنىڭ چىرايلىق ياسالغانلىقىنى كوردۇق. چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيىسىدىن كەلگەن مەخسۇت داموللام مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنى ۋە دۇڭسى مەسچىتىدىكى قۇرئان ئوقۇش سىنىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق

www.uyghurkitap.com

ھەمدە باشقا بىر نەچچە ئۆلكە ۋە شەھەردىمۇ ئىسلام شۇيۇەنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، بۇنىڭدىن ئىزباسارلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلدۇق ۋە خاتىرجەم بولدۇق.

سوھبەتتە يەنە كۆپچىلىك بىردەك ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە چۈشىنىش كۈچەيدى دەپ ھىساپلاشتى. نىيە ناھىيىسىدىن كەلگەن مەھەممەت سىدىق مۇنداق دېدى: دەسلەپتە كاللامدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى خەنزۇنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس، ئۇلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ دېگەن ئوي بار ئىدى، بۇ قېتىم بېيجىڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىش داۋامىدا، ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈشىگە سازاۋەر بولدۇق، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باپ-باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنىڭ دانا ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئابدۇغىنى دامۇللام پايتەخت خەلقىنى يۈكسەك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە ئەدىپىۋى ئاڭغا ئىگە ئىكەن؛ ئۇلار 5 كە دىققەت قىلىپ، 4 تە گۈزەل بولۇپ، ئىتتىپاق ۋە ئىناق ئۆتىدىكەن، يېقىملىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن، بىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى دەپ ماختىدى. بارات خەلپەممۇ بۇدا بېيجىڭغا كېلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇلايىم-يېقىملىق، ئىسىل پەزىلەتلىك ۋە ئۆگىنىدىغان ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغانلىقىنى سۆزلىدى. مەھەممەت سىدىق مۇنداق دېدى: 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۆبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، خەنزۇلارمۇ ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق، بۇ قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەر چوقۇم ئۆبدان ئىتتىپاقلىشىشى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يەنە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلىم-پەنگە تايانماي بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىشتى. ئورغالچە ئىمام (قىرغىز) مۇنداق دېدى: بىز بۇ قېتىم كۆرگەن نەرسىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ كۆرمىگەن، خەلقىمىز ئەمگەكچان، باتۇر ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق، پەن-تېخنىكا بولمىسا بولمايدۇ. جەلىل قارىم (ئۆزبەك) مۇنداق دېدى: كونا جەمىيەتتە، ھەممە يەرنى قالاقلىق ۋە چىرىكلىك قاپلاپ كەتكەن ئىدى، ھالبۇكى بۈگۈنكى بېيجىڭ بولسا جەننەتكە ئوخشايدىكەن، بۇنىڭدىن پارتىيە ۋە دۆلەت چاقىرىق قىلغان 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 2000-يىلغا بارغاندا، دۆلىتىمىز ھازىرقىدىن نۇرغۇن ھەسسە قۇدرەت تاپىدۇ. مەخسۇت دامۇللام مۇنداق دېدى: ئۆتمۈشتە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىشەك مىنەتتى، ھازىر بولسا بىز ئاپتوۋۇز، يەرئاستى پويىز ۋە ئايروپىلانغا چۈشتۇق، ئۆز كۆزىمىز بىلەن بېيجىڭدىكى قۇرۇلۇش مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرۈپ، ۋەتىنىمىزنى ئۆبدان گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىم-پەن ئۆگەنمىسەك ۋە ئىلىم-پەننى ئىشلەتمىسەك بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق. بىز پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
# ئەھمەت ۋاجىدىنىڭ رادىيو نۇتقى

## ــــ ئافغانىستان خەلقىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

سۆيۈملۈك ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئەتە ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى، بۇ قۇتلۇق بايرام يېتىپ كېلىش ئالدىدا. جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قېرىنداش ئافغانىستان خەلقىنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

گۈزەل، باي ئافغانىستان ئاسىيادىكى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي دۆلەت، ئافغانىستان خەلقى تىرىشچان، قەھرىمان، شۇنداقلا سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە خەلق. 1919 ـ يىلى ئافغانىستان خەلقى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مۇسۇلمان دۆلىتىنى قۇرغان. لېكىن، 1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سوۋېت زومىگەرلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنى ۋە خەلقارا مۇناسىۋەتلەر پىرىنسىپلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، تەپ تارتماستىن قوراللىق قىسىملىرىنى چىقىرىپ، ئافغانىستانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئافغانىستان خەلقىگە ئېغىر بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كەلدى، نەتىجىدە نەچچە مىليون خەلق ماكانسىز قېلىپ، مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئافغانىستاندىن تاجاۋۇزچى قوشۇننى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى تەرسالىق بىلەن رەت قىلىپ كەلدى. يېقىندا يېپىلغان ئىتتىپاق تۇزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى "سىياسىي خىتابنامە" ماقۇللاپ، چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ ئافغانىستان زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشىنى، ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ئورنىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشنى، سىرتنىڭ كاشىلىسى ۋە ئارىلىشىشى بولمىغان ئاساستا ئافغانىستان مەسىلىسىنى ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

ئافغانىستان مەملىكىتىمىزنىڭ دوست خوشنىسى، جۇڭگو ـ ئافغانىستان خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق كۈرەشلەر داۋامىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، جۇڭگو خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئافغانىستان خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەققانى كۈرىشىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ ئافغانىستاندىن دەرھال، شەرتسىز چىقىپ كېتىشىنى، مۇسۇلمان دۆلەت بولغان ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى ئورنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ھەمدە ئافغانىستان مۇساپىرلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن

www.uyghurkitap.com

# ئەزھەرنىڭ مىڭ يىللىقى

**ما يۈنفۇ ياڭ جىژبو**

مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە ئەزھەر دارىلفۇنۇنى ھازىرقى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى دېگەن ئاتاققا ئىگە. مىڭ يىلدىن بۇيان، بۇ يەر ئىختىساسلىق ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان بازىغا ئايلىنىپ، ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىققان ئىسلام زىيالىيلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئۈزمەي تەمىن ئېتىپ كەلدى. بۇ زىيالىيلارنىڭ بەزىلىرى ئەسەرلەرنى يېزىپ، دىنىي تەرغىبات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى؛ بەزىلىرى ھاردىم-تالدىم دېمەي، تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى؛ بەزىلىرى تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىلەرنى داۋالاپ كېسەلدىن قۇتقۇزدى؛ بەزىلىرى تەبىي پەن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت ياراتتى؛ دېمەك، ئىختىساسلىق كىشىلەر بۇ يەردىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ چىقىپ تۇردى. ئەمما ئەزھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇ شەرەپلىك ۋە ئەگرى-توقاي تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئەزھەر فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى مىلادىنىڭ 970-يىلى (ھىجرىيىنىڭ 359-يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلاپ، مىلادىنىڭ 972-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى (ھىجرىيىنىڭ 361-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى) پۈتكەن. ئۇ فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدە قاھىرەدىكى تۇنجى مەسچىت ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشلىرى قالتىس بولۇپ، ئاندالۇسىيىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن سېلىنغان، تاشقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم، ئىچىگە نەپىس نەقىشلەر چىقىرىلغان. ئۇ فاتىمىيە

---

ئۆز ماكانىغا قايتىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئافغانىستان خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرىشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ روھىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بىر بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار." (قۇرئان 3-سۈرە، 103-ئايەت) ئافغانىستانلىق قېرىنداشلار ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان بولسىلا، غەلىبە چوقۇم قەھرىمان ئافغانىستان خەلقىغە مەنسۇپ بولىدۇ.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار! ئافغانىستان خەلقى يېڭى يىل بايرىمىنى خوشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، بىز قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە بىر قېتىم سەممىي ھال سورايمىز ۋە ئۇلارغا ئوبدان تىلەكلەرنى تىلەيمىز، ئافغانىستان خەلقىنىڭ يېڭى بىر يىل ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمىز!

سىلەرگە رەھمەت!

1983-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى.

سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ ياخشى جامە (مەسچىت)لەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ چاغدا تۇنىستىكى مەشھۇر زەيتۇن جامەسىدىن قېلىشمايتتى. جامەنىڭ كەڭ-كۇشادە ۋە يورۇق خانىقاسىدا ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۇقۇرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىلغان ئۈچ مۇنار بار، بۇنىڭدىن چىققان ئەزان ئاۋازى تەرەپ-تەرەپكە ئاڭلىنىش بىلەن، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلايدۇ.

ئەزھەر جامەسىنىڭ پۈتكەن چاغدىكى نامى قاھىرە جامەسى ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە زوھرانى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئەزھەر دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەزھەر جامەسى پۈتۈپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ رەھبىرى مۇئىززى لىدىنىللا زامانىدا، مىلادى 975-يىل 10-ئايدا (ھىجرىيىنىڭ 365-يىلى رامىزان ئېيىدا) قازى ئەبۇ ھەسەن ئەلى ئىبنى نۇئمان ئىبنى ھەييۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە داڭلىق ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىپ، شىئە مەزھىبىنىڭ فىقھە مەسلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم فىقھە مەسلىسى مۇھاكىمە قىلىنغاندا بەزى پىروفېسسور ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش بارا-بارا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان. قازى قۇززات ياقۇپ بىننى كىللىسنىڭ① ۋاقتىدا تەتقىقات جەھەتتىكى ئىزدىنىش كۈچەيتىلگەن. ئۇ فەقىھ (فىقھىچى)، قازى، ئەدىب ۋە دۆلەت ئەرباپلىرى، ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئەزھەر جامەسىدە فىقھە مەسلىسىنى مۇھاكىمە قىلدۇرغان. كېيىن، ياقۇپ بىننى كىللىس 37 نەپەر فەقىھنى مەخسۇس فىقھە مەسلىسىنى تەتقىق قىلىشقا قويغان ۋە ھەر ئايدا ئۇلارغا دۆلەت غەزنىسىدىن مۇقىم مائاش بېرىشنى بەلگىلىگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەزھەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇلارغا ئۆي-جاي سالدۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا باشقا غەمخورلۇقلارنى قىلغان؛ ئەزھەرنى دۆلەتتىن باشقۇرۇشنى، ئەزھەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەتتىن تاماق ۋە ياتاق بېرىشنى بەلگىلىگەن. يۇقۇرقىدەك تەدبىرلەرنى كۆرۈش نەتىجىسىدە، ئەزھەر بارا-بارا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. مىلادى 12-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە، ئەزھەردە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىلەر كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پىروفېسسورلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە دۇنيادىكى مۇسۇلمان ياشلار ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىدىغان بولدى. 19-ئەسىرگە كەلگەندە، ئەزھەردە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئون نەچچىگە يەتتى، بۇ دەرسلەر ئىچىدە دىنىي دەرسلەر تەۋھىد ئىلمى، ھەدىس، تۆت مەزھەپنىڭ② فىقھىسى ۋە فىقھە ئاساسلىرىدىن، قالغان دەرسلەر ئەرەپ تىلى ۋە ئۇنىڭ گىراماتىكىسى، مورفولوگىيە، ئىستىلىستىكا، مەنتىق، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغرافىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. دەرسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاتاقلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئەزھەرنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ خىراجەتتە مۇستەقىل بولۇش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ چاغدا ئەزھەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەرخىل پەنلەرنى ئەركىن ھالدا تەتقىق قىلالايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن

① ياقۇپ بىننى كىللىس (مىلادى 930 — 991) باغداتتا تۇغۇلۇپ، قاھىرىدە ۋاپات بولغان. مىلادى 979-يىلىدىن كېيىن مىسىرغا كېلىپ فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەزىر، قازى بولغان، سىياسى، ئىقتىسات ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى جەھەتتە تۆھپە قوشقان، «ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىسى» دىگەن كىتاپنى يازغان.

② تۆت مەزھەپ مالىك، شافىئى، ھەنەفى، ھەنبەلى مەزھەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەزھەر ئىسلام ئىدىيىسى جەھەتتە ئەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىك مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئىسلامىيە ئەتتىپاق قىلىشقا نىيەت قىلغان ھەرقايسى جايلاردىكى تەتقىقاتچىلارنى كېلىپ ئۆگىنىشكە يەنىمۇ جەلىپ قىلدى.

لېكىن، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن، ئەزھەرمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. 1798 ـ يىل 7 ـ ئايدا (ھىجرىيىنىڭ 1213 ـ يىلى 2 ـ ئايدا) فرانسىيىنىڭ ناپولېون قوماندانلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى مىسىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەزھەرنىڭ ئۆلىمالىرى شەيخ مۇھەممەت ساداتنىڭ باشچىلىقىدا بىر كومىتېت تەشكىل قىلىپ، فرانسىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، قاھىرىدە فرانسىيىگە قارشى ھەركەت ئەۋج ئېلىپ، ئىنقىلاپچىلار فرانسىيىنىڭ قاھىرە رايونىدىكى باش ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال دىفۋانى ئۆلتۈردى، ئەتىسى ئۇلار يەنە فرانسىيىنىڭ باشقا ئەرباپلىرىنى ئۆلتۈردى. شۇڭلاشقا فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى بوناپارت ئەزھەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەزھەر رايونىنى توپقا تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. توپقا تۇتۇش توت سائەت داۋام قىلدى، ئەزھەرنىڭ بىنالىرى ئورۇلۇپ چۇشكىلى تاس قالدى، نۇرغۇن كىشىلەر جېنىدىن ئايرىلدى. ئارقىدىنلا فرانسىيە قوشۇنلىرى ئەزھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ مۇقەددەس جامەنى خالىغىنىچە ئاياق ئاستى قىلدى، قۇرئان كېرىمنى كويدۇردى، ئىسلام دىنىغا دائىر مەدىنى يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلدى. ئۇلار 4 مىڭغا يېقىن مىسىر خەلقىنى قىردى ۋە مەشھۇر ئۆلىمادىن بەشنى① قولغا ئالدى. ئەزھەر ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئادەم ئەۋەتىپ، فرانسىيە قوشۇنى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئەزھەرنىڭ بىنالىرى ساقلاپ قېلىندى، قولغا ئېلىنغانلار قويۇپ بېرىلدى، لېكىن ئەزھەر تاقىۋېتىلدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ، فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى چېقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەزھەر يەنە ئېچىلدى.

ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى مىسىرغا خېلى زور تەسىر ئېلىپ كەلدى. مىلادىنىڭ 1805 ـ يىلى مەھەممەت ئەلى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئەزھەر ئۆلىمالىرىنى تايانچ قىلغان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىل قىلىپ، ياۋروپاغا تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىسىرنىڭ مەكتەپلىرىدە گېومېترىيە، تىبابەتچىلىك (جۈملىدىن مال دوختۇرلۇق)، مەمۇرى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك، مىتالشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەر قوشۇلدى ۋە ئالىي تېخنىكوملار ئېچىلدى. ئەمما ئەزھەر ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي پەنلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنى ۋە ئەرەپ مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت ئۆتەش ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش مەقسىدىدە، يېڭى دەرس قوشمىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئەزھەردە يېڭىچە ئىسلاھات ھەركىتى ئەۋج ئالدى. مىلادىنىڭ 1872 ـ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1288 ـ يىلى) ھۇدىيۇ ئىسمائىل پاشا② ئەزھەرنىڭ

---

① بۇ مەشھۇر بەش ئۆلىما شەيخ سۇلەيمان، شەيخ ئەھمەد شەرقاۋى، شەيخ ئابدۇۋاھاب شىبراۋى، شەيخ يۇسۇپ مۇسلىھ، شەيخ ئىسمائىل بەراۋىلاردىن ئىبارەت.

② ھۇدىيۇ ئىسمائىل پاشا (مىلادى 1830 ـــ 1895) 1867 ـــ 1879 ـ يىللىرى مىسىرغا باش ۋالى بولغان، "ھۇدىيۇ" مىسىرنىڭ باش ۋالىغا قويىغان نامى. ئۇ سۇدانىدا بولغان قۇل سودىسىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، مىسىرنىڭ ھوقۇقىنى باشقا ئافرىقا ئەللىرىگىچە كېڭەيتكەن ۋە سۇۋەيش قانىلىنى قازدۇرغان.

تۇنجى تەشكىلىي قانۇننى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇندا: ئۆلىمالار ئالى شاھادەتنامىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى ۋە ئوقۇلىدىغان پەنلەر فىقھە، تىلشۇناسلىق، ھەدىس، تەفسىر، گىراماتىكا، مورفولوگىيە، ئەخلاقشۇناسلىق، ئىستىلىستىكا، مەنتىق قاتارلىقلار بىلەن چەكلەنگەن.

1919 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ئەزھەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆلىمالىرى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قوزغاپ، مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ ئەزھەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇنى تاقىۋېتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىشقا ئاشمىدى.

1930 ـ يىلى، ئەزھەرنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ئىككىنچى قېتىم ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇندا ئەزھەرنىڭ ئالى شۆبىيۇەن ۋە پاكۇلتېتلارنى ھەم بۇلارنىڭ قارىمىغىدىكى تېخنىكوملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ قانۇن ئەزھەرنىڭ كونا ئوقۇش تۈزۈمىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئاكتىپ تەدبىر دەپ قارالدى. 1936 ـ يىلى يەنە ئەزھەرنىڭ يېڭى تەشكىلىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، ئىلگىرىكى قانۇن بىر قەدەر تەپسىلى تولۇقلاندى.

1952 ـ يىلى جامال ئابدۇناسىر رىياسەتچىلىك قىلغان ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئەزھەر تېخىمۇ ئېتىۋارغا ئىگە بولدى. 1961 ـ يىلى ناسىر رىياسەتچىلىكىدىكى "1961 ـ يىل ئوكتەبىر 103 ـ نومۇرلۇق قانۇن"نى ئېلان قىلىپ، ئەزھەردە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنى يەنىمۇ كۆپەيتتى. بۇ قانۇندا: "ئەزھەر ـ مۇنتىزىم ئىسلام دارىلفۇنۇنى"، ئۇ "ئىسلام دىنى مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، ساقلاش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋەزىپىسى"نى ئۆتەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە "ئەرەب مەدەنىيىتى، ئىدىيىسى شۇنىڭدەك ئەرەپ ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ روھىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسى"نى ئۆتەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئۇ قانۇندا يەنە، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا سودا شۆبىيۇەنى، تىببى شۆبىيۇەن، سانائەت شۆبىيۇەنى، يېزا ئىگىلىك شۆبىيۇەنى، ئىسلام دىنى قىزلار شۆبىيۇەنى قاتارلىق ئىلگىرى يوق شۆبىيۇەن ـ پاكۇلتېتلارنى تەسىس قىلىشمۇ بەلگىلەندى.

ھازىرقى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇ يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى 37 كىشىدىن كۆپىيىپ 65 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 75 مەملىكەتتىن كەلگەن نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى بار، دېمەك، ئەزھەر 30 نەچچە شۆبىيۇەن ـ پاكۇلتېتى بار ئۇنىۋېرسال دارىلفۇنۇن بولۇپ قالدى.

ھازىرقى ئەزھەر دارىلفۇنۇنى ئىلگىرىكى ئەزھەر جامەسىدىن ئايرىلىپ چىققاندەك تۇرغان بىلەن، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى بىر، دارىلفۇنۇن بىلەن جامە بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كەڭ بىر پارچە يەرنى ئىگىلىگەن. دارىلفۇنۇننىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كوركەم بىنالىرى قەدىمىي ئەزھەر جامەسى بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى زور بىنالار گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەزھەر مىسىر خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ قالدى.

ئەزھەرنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئەزھەر ئالى كومىتېتى، ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتى، مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنى تەتقىقات باشقارمىسى، ئەزھەر دارىلفۇنۇنى، دارىلفۇنۇن شوبە ئوتتۇرا مەكتىۋىدىن ئىبارەت 5 ئورۇندىن تەركىب تاپقان.

ئەزھەر ئالىي كومىتېتى ئەزھەرنىڭ رەئىسى ۋە مائاۋىن رەئىسىدىن، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى شۆبىيۇەن - پاكۇلتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن، ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتىنىڭ 4 ئەزاسىدىن، دىنىي فوند مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مائاۋىن مىنىستىرلىرىدىن، مەدىنىيەت ئىشلىرى ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرىدىغان مۇدىرىدىن، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ھەرقايسى شوبە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە 3 ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ كومىتېتتا بىر باش كاتىپ بار. بۇ كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى "ئەزھەرنى ئىسلام ئىدىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان باش سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىش"، "ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مەقسىدىنى بەلگىلەش"، "ئەزھەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاپاراتلىرىنىڭ خىراجەت خامچوتىنى تەستىقلاش"، "ئەزھەرنىڭ ئىشلىرىنى، ئەزھەر پەخرى ئىلمىي ئۇنۋانىنى بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىش"تىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتىدا بىر باش كاتىپ بار، بۇ ئورۇن باش كاتىپ، بىرنەچچە مۇئاۋىن باش كاتىپ ھەم بىرنەچچە ئىش بېجىرگۈچىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ ئورۇننىڭ باشلىقلىقىنى ئەزھەرنىڭ رەئىسى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىي ئورگان بولۇپ، "ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ"، "ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈستىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ"؛ "ئىسلام دىنىغا ئارىلىشىپ قالغان ساپ بولمىغان نەرسىلەرنى ۋە مەزھەپلەرنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنى تازىلايدۇ ۋە شۇ يول بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ"؛ "ئىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ھەرقانداق جايدا، ئىلىمگە چېتىشلىق بولغان ھەرخىل مەزھەپ مەسىلىلىرى ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئېتىقات ۋە دىنىي تەرغىبات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ". مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنى تەتقىقات باشقارمىسى كىتاپلارنى تارقىتىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ، ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتىنىڭ تۈرلۈك قارار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەزھەر دارىلفۇنۇنى بولسا مەخسۇسلا ئالىي مائارىپ خىزمىتى ۋە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىيىن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ئىسلام دىنى مىراسلىرىنى ساقلايدۇ، تەتقىق قىلىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا يارايدىغان ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ھەرقايسى شوبە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ مەقسىدى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئىگە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ھەرقايسى شۆبىيۇەن - پاكۇلتېتلىرىغا كىرىپ ئوقۇيدىغانلارغا زاپاس ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا 30 نەچچە شۆبىيۇەن بار. ئۇنىڭ قاھىرە قىسمىدىكى 18 شۆبىيۇەندە ئوغۇل - قىز بولۇپ جەمى 48 مىڭ 530 ئوقۇغۇچى بار. قاھىرە قىسمىدا فىقھە ۋە قانۇن شۆبىيۇەنى، ئىسلام ئاساسلىرى شۆبىيۇەنى، ئەرەپ تىلى شۆبىيۇەنى، ئىسلام دىنى ۋە ئەرەپ تەتقىقاتى شۆبىيۇەنى، ئىسلام دىنى تەرغىباتى شۆبىيۇەنى، سودا شۆبىيۇەنى، تىل ۋە تەرجىمە شۆبىيۇەنى، مائا-

رىپ شۇبىيۇەنى، سانائەت شۇبىيۇەنى، يېزا ئىگىلىك شۇبىيۇەنى، تىببى شۇبىيۇەن، دورىگەرلىك شۇبىيۇەنى، چىش دوختۇرلۇق شۇبىيۇەنى، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى شۇبىيۇەنى (قىزلار ئىنىڭ)، ئىنسانلار تەتقىقاتى شۇبىيۇەنى (قىزلار ئىنىڭ)، تىببى شۇبىيۇەن (قىزلار ئىنىڭ)، پەننى بىلىملەر شۇبىيۇەنى (قىزلار ئىنىڭ)، سودا شۇبىيۇەنى (قىزلار ئىنىڭ) قاتارلىق شۇبىيۇەنلەر بار. ئىختىساسلىق خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوغۇل-قىز ياشلار-نىڭ ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا كېلىپ ئوقۇش تەلۋىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەزھەر پۈتۈن مەملىكەت-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىنىڭ شوبىلىرىنى قۇرغان، مەسىلەن، مىسىرنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى ئىسكەندىرىيە، مەشھۇر تەنتا شەھىرى ۋە ئەسيۇت قاتارلىق 7 رايوندا 13 شوبە شۇبىيۇەن بار بولۇپ، بۇلاردا ئوقۇۋاتقان ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلار 16 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا زاپاس ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەزھەرنىڭ قارمىقىدا ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ 550 بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچى 112 مىڭ؛ ئەزھەرنىڭ قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر (جۇملىدىن دارىلمۇئەللىمىنلەر) 647، قارى-خانا 17 بولۇپ، بۇلاردا 179 مىڭ 722 ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

مىسىر ھۆكۈمىتى 1983-يىلى ئەزھەرنىڭ مىڭ يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. قەدىمى ئەزھەرنىڭ بىنالىرى رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ، تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن ئەزھەر دارىلفۇنۇنى ژورنىلىنىڭ مۇخبىرلىرى مۇناسىۋەتلىك كورۇنۇشلەرنى رەسىمگە ئالدى ۋە خەۋەر توپلىدى. دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئەزھەر ئۆزىنىڭ مىڭ يىلدىن بېرى بېسىپ كەلگەن يولىنى داۋاملاش-تۇرۇپ، مۇستەھكەم قەدەملىرى بىلەن يېڭى نىشانىغا قاراپ داۋاملىق ئالغا باسىدۇ. بىز ئۇنىڭ مىڭ يىللىق شانلىق ئەگرى-توقاي يولنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز، ئۇنىڭ كەلگۈسى سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى تىلەيمىز.

1983-يىل 2-ئاي، قاھىرە.

---

(بېشى 43-بەتتە)

خۇلاسە چىقاردى، مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى 4 كۈن داۋام قىلغان دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنى-نىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملانغانلىقىنى جاكالىدى.

13-كۈنى كەچتە، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بولۇمى بىلەن دولەت مىللى ئىشلار كومىتېتى بىرلەشمە چاي بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەتلىرىنى كۈتۈ-ۋالدى، چايدا بىرلىك سەپ بولۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى جياڭ پىڭ سوز قىلىپ، دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنى تەبرىكلىدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما تېڭئەي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن رەھمەت ئېيتتى؛ چايغا قاتناشقان دائىمى ھەيئەتلەر مەركىزىي مىللەتلەر شۇبىيۇەنى سەنئەت پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى كورسەتكەن قىزىق ناخشا-ئۇسۇل نومۇرلىرىنى كوردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى ئەرەپات بىلەن كۆرۈشتى

فېي لەن

1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچە، مەككىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان مىنا تېغىنىڭ باغرىدىكى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى مېھمانخانىسىنىڭ قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلىۋاتقان زالىدا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەر خىل تەنلىك ھەج قىلغۇچىلىرى پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئەرەپاتنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. يىغىن زالىدا چىراق نۇرلىرى پارىلداپ، سۈرەتچىلەرنىڭ ئاپارات چىراقلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى توختىماي چاقنىتاتتى، سەئۇدى ئەرەبىستانى تېلېۋىزور ئىستانسىسىمۇ ئەينى ئەھۋالنى تېلېۋىزور ئارقىلىق خەۋەر قىلماقتا ئىدى.

يىغىنغا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى مۇھەممەت سەفۋا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىۋى مۇھەممەت ئەلى ھەركان ۋە پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىن زالىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئاڭلىغۇچىلارغا قاراپ ئورۇن ئالغان ئىدى. كۆرمىڭ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، بوران ـ چاپقۇنلار ئىچىدىلا يۈرۈيدىغان ئوتتۇرا شەرقتىكى ئاتاقلىق ئادەم — ئەرەپات بېشىغا چاقماق ياغلىق ئورىۋالغان، ئۈستىگە توپا رەڭ كاجىدىن ھەربى كىيىم كىيىۋالغان ئىدى؛ ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى؛ ئۇ مەرتلىك ـ مەردانىلىق بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ئىسرائىلىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ پەلەستىننىڭ زېمىنىنى قوراللىق بېسىۋېلىپ، يەرلىك خەلقنى ئۆز ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ئىدى. بولۇپمۇ كىشىلەرنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئىسرائىلىيە كېڭەيمىچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يان بېسىشى ۋە كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، پەلەستىن ۋە باشقا ئەرەپ خەلقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىپ، بىگۇنا پۇقرالار ئىچىدىكى خوتۇن ـ قىزلار، باللار ۋە قېرى ـ چۆرىلەرنى قانغا مىلىدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق ياۋۇزلۇق پۈتۈن دۇنيادىكى تېچلىقپەرۋەر ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ۋە قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

ئەرەپات يەنە پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ مىللەتنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆز ماكانىغا قايتىپ بېرىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئاجايىپ جاپالىق كۈرەشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا قەتئىي ئىشەنچىنى، ”ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش“تەك مەردانە جاسارىتىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ”پەلەستىننى قەتئىي قوللايمىز“، ”ئاللاھۇئەكبەر“ (ئاللا ئۇلۇغ) دىگەن سادالىرى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈپ تاشلاناتتى، يىغىن زالى جانلىق ۋە قىزغىن كەيپىيات بىلەن تولغان ئىدى.

ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە، ئافغانىستان، چاد، نىگېرىيە، بېنىن، ماۋرىتانىيە، ئىوردانىيە مۇسۇلمانلىرى ۋە ئامېرىكا نىگىر مۇسۇلمانلىرى كەينى ـ كەينىدىن سۆزگە چىقتى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى مىسىرغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرىدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن 10 نەپەر ئوقۇغۇچى (ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىلىم ئاشۇرىدۇ، سەككىزى ئالىي سىنىپتا ئوقۇيدۇ) 1982-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يېڭى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن مىسىرنىڭ ئاتاقلىق بىلىم يۇرتىغا بېرىپ ئوقۇغان، بىلىم ئاشۇرغان تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلاردۇر. ئالىي سىنىپتا ئوقۇيدىغان 8 ئوقۇغۇچى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا بارغاندىن كېيىن، ئاۋال تەييارلىق سىنىپىغا كىرىپ تىل ئۆگىنىپ، ئاندىن ئالىي سىنىپقا كىرىپ 4 يىل ئوقۇيدۇ.

بۇ ئوقۇغۇچىلار 1981-يىلى ئىمتىھان بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام شۆبيۈەنىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بىر يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئىسلام شۆبيۈەنىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئەرەپچىنى ۋە ئىسلام دىنىي ساۋاتلىرىنى ئۆگەندى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا بېرىپ ئوقۇغانلارمۇ بولغان، ئۇلار ئەرەپ تىلى ۋە ئىسلام دىنى ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئوبدان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مول بىلىمگە ئىگە ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئەرەپ تىلشۇناسلىرى ۋە پىروفېسسورلارغا ئايلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى، ئەرەپ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە خەلقارا باردى-كەلدى ئىشلاردا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلىرىدە تۆھپە قوشتى.

---

قىلىش ئۆمىكىنىڭ باشلىغى ئابدۇرېيىم لېتىپمۇ سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: رەئىس ئەرەپاتنىڭ سۆزىدىن قەھرىمان پەلەستىن خەلقىنىڭ ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي، قەھرىمانلارچە كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. پەلەستىننىڭ كۈرىشى يېتىم ئەمەس، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى سىلەرنى قەتئىي قوللايدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم پەلەستىن خەلقى ۋە ئەرەپ ئەللىرى خەلقىگە مەنسۇپ!

ئۆمەك باشلىغى ئابدۇرېيىم لېتىپنىڭ سۆزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئەرەپات قىزغىن ئالقىش ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇرېيىم لېتىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كورۇشتى ۋە قۇچاقلاشتى، شۇنداقلا قىسقىچە پاراڭلاشتى:

— مەن جۇڭگوغا بارغان!

— پۇرسەت بولسا يەنە بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز!

— رەھمەت، چوقۇم بارىمەن!

بۇ ئۇچرىشىشقا بىرنەچچە ئاي بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئاشۇ مەنزىرە ئېسىمىزدە تېخىچە ئېنىق تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئىسرائىلىيە كېڭەيمىچىلىرى يەنىلا "بۈيۈك ئىسرائىلىيە" پىلانىنى ھەدەپ يولغا قويۇۋاتىدۇ، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىگە پۈتۈن دۇنيا نەزەر سېلىۋاتىدۇ. ئەرەپ ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز تېخىمۇ مۇشكۇل كۈرەشلەرگە دۇچ كېلەمەكتە، ئاللاتائالا ئادالەت يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە مەدەت بەرگەي!



جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما سۇڭتىڭ مىسىرغا ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئان تەقدىم قىلماقتا

(سۈرەتلەرنى يۈسۈپ تارتقان)

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن داغدۇغىلىق ئۇزىتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا، مىسىرغا بېرىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ئادىل ئالدى بىلەن سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شۈيې، شېن شياشى، ماسۇڭتىڭلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۆز قىلدى. شېن شياشى جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى نامىدىن بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن "ئۈچ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش، ئۈچكە رىئايە قىلىش، ئۈچتە ياخشى بولۇش، ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش، شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇسۇلمانلار ئىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش"نى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مىسىرغا بارغاندىن كېيىن، ئەرەپ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىل ئۆتكىلىدىن مۇمكىن قەدەر تېز ئۆتۈڭلار؛ شۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا كونۇپ، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىپ، تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىكى بەزى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىڭلار؛ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىڭلار ۋە دىنىي پەرزلەرنى ئوبدان ئادا قىلىڭلار؛ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئاڭلىق يېتىشتۈرۈڭلار؛ مىسىرنىڭ دۆلەت قانۇنى ۋە پەرمانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىنتىزامىغا بويسۇنۇڭلار؛ ئۇستازلارغا ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىكىگە قەتئىي بويسۇنۇڭلار ۋە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىڭلار؛ قەتئىي بەل باغلاپ، قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، ئىدىيە، ئۆگىنىش، سالامەتلىك جەھەتلەردە كۈنسېرى ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، مىسىرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى تاھا ھۆسەيىننىڭ جاپاغا چىداپ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش روھىدىن ئۆگىنىپ، مول بىلىم بىلەن قايتىڭلار.

مۇئاۋىن مۇدىر ما سۇڭتىڭ ئۇلارنى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا بارغاندىن كېيىن، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ 1932-يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، مىسىرغا بېرىپ ئوقۇغان ئاشۇ پېشقەدەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ما سۇڭتىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ مىسىرغا بېرىپ ئوقۇيدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقىلارغا قارىغاندا ئەۋزەل ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇپ، پېشقەدەملەردىن ئۆگىنىشنى، پېشقەدەملەردىن ئۆتۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلدى.

مۇئاۋىن مۇدىر ئەن شۈيې مىسىرغا ئوقۇشقا بارىدىغان بۇ 10 نەپەر ئوقۇغۇچىغا "ئۆزى ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇش"

روھى بويىچە، بېرىلىپ ئۆگىنىشنى؛ بۇ قېتىم چەتئەلگە بېرىپ ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇشنىڭ جۇڭگودىكى 13 مىليون مۇسۇلماننىڭ تاپشۇرۇغى ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق تونۇشنى؛ ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى سەممىي جېكىلىدى.

بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ سۆز قىلدى.

مىسىرغا بېرىپ ئوقۇيدىغانلاردىن ما يۈنفۇ، ما ئەيدۇڭ ۋە ما شياۋرۇڭلار ئىلگىرى-كېيىن سۆز قىلىپ، ھوكۇمەت، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىگە ئۆزلىرىنى تەربىيلىگەنلىكى ۋە ئىلھاملاندۇرغانلىغى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، مىسىردا ئوقۇغان پېشقەدەملەردىن چوقۇم ئۆگىنىپ، ئوقۇشتىن نەتىجە ھاسىل قىلىپ، كەلگۈسىدە ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزكۈچلىرىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئەرەبچە قۇرئان تەقدىم قىلدى.

ئۇزىتىش يىغىنىغا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لىۋپىنيى، جاڭ بېندو، ماشيەن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىننى جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى ما ۋېيجۇ باشقۇردى.

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مىسىرغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئىشىغا ھەممە جەھەتتە ئىزچىل تۇردە غەمخورلۇق قىلدى ۋە بۇ ئىشنى قوللىدى.

3-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىغى چياۋليەنشېڭ، مۇئاۋىن باشلىغى خېي مىڭ قاتارلىقلار بۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارنى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا بارغاندا جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، جاسارەت بىلەن ئوقۇپ، ياراملىق خادىملاردىن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن، ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىنى ئۈمىت قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيې 3-ئاينىڭ 18-كۈنى چەتئەلگە زىيارەتكە چىقىش ئالدىدا، ئۇلارغا خوشلىشىش سۆزى قىلىپ، ئۇلارغا كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئىسلام ئىشلىرى ۋە جۇڭگو-ئەرەپ ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى يولىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىسلام دىنىغا دائىر تونۇلۇك بىلىملەرنى ۋە ئەرەپ تىلىنى ئوبدان ئۆگىنىشنى جېكىلىدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى بۇ قېتىم مىسىرغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئىشىدا مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىبراھىم جاناپلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى خادىمى ئەلئەتتر ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىگە ۋە مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ جۇڭگو-ئەرەپ ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئىسلام دىنى ئىشلىرى يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈچۈن سەممىي رەھمەت ئېيتتى.

(يى دىڭ)

بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى خوجائابدۇللا ئوسمان،
ئوسمان مولىلەك، تۇرغۇنجان سۇلتان، ماشىكرىن ئىشلىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ماقالا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى

1. ژۇرنىلىمىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى ماقالىلارنى قارشى ئالىدۇ: (1) ھەرقايسى جايلارنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا دائىر تەجرىبە ـ تەسىراتلىرى خەۋەر قىلىنغان ماقالىلار؛ (2) ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا قوشقان تۆھپىلىرى ھەمدە ئىلغارلار، نەمۇنچىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى خەۋەر قىلىنغان ماقالىلار؛ (3) ئېلىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر تەتقىقات ئەھۋالى، نەتىجىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلار؛ (4) ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك مۇقەددەس كىتاپلىرى، جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى، تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە مۇھىم ۋەقەلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلار؛ (5) مەشھۇر مەسچىتلەر ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار، قەدىمىي ئاسارە ـ ئەتىقىلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلار؛ (6) مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ پائالىيىتى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلار؛ (7) تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەر، شۇنىڭدەك ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار خەۋەر قىلىنغان ماقالىلار؛ (8) ژۇرنىلىمىزنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سۈرەت ۋە سىزما رەسىملەر.
2. ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلارنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ماقالا 4 مىڭ خەتتىن (خەنزۇچە) ئېشىپ كەتمەسلىكى، خەتلەر ماقالا قەغىزىگە ئېنىق يېزىلىشى، تىنىش بەلگىلىرى ئوچۇق قويۇلۇشى كېرەك. ئەگەر تەرجىمە قىلىنغان ماقالا بولسا، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى ياكى نەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى لازىم.
3. ماقالا ئەۋەتكەندە ئاپتورنىڭ، تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ھەقىقى ئىسىم ـ پامىلىسىنى، خىزمەت ئورنى ۋە تەپسىلى ئادرىسىنى ئوچۇق، رەتلىك يېزىش كېرەك. ماقالىنىڭ قانداق نامدا ئېلان قىلىنىدىغانلىقى ئاپتورنىڭ ئىختىيارى بويىچە بولىدۇ.
4. بىر ماقالىنى ئىككى جايغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. ئەۋەتىلگەن ماقالىلار، بېسىلىش ـ بېسىلماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئومۇمەن ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدۇ، ماقالا بېسىلغان ھامان قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. ماقالىنىڭ پوچتا ھەققىنى ئەۋەتكۈچى ئۆزى چىقىرىدۇ.
5. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەۋەتىلگەن ماقالىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بار، ماقالىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى خالىمىغۇچىلارنىڭ ئالدىن ئەسكەرتىپ قويۇشنى سورايمىز.
6. ماقالا مۇنۇ ئادرىسقا قارىتىپ ئەۋەتىلسۇن: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103 ـ قورا.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» تەھرىر بۆلۈمى



5 ـ نوۋەتلىك مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى يەملەيخا (ئوڭدىن
بىرىنچى كىشى) 5 ـ نوۋەت-
لىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا
قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن
ھازىرقى چوڭ ياخشى ۋەزى-
يەت ئۈستىدە بەھۇزۇر
سۆزلەشمەكتە.
(سۈرەتنى چېن جياراڭ
تارتقان)



1980 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى، يىغىنغا قاتناش-
قان ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام
دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىل
لەر يىغىنىنىڭ قارارىنى
بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى
(سۈرەتنى جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيتى ئەۋەتكەن)



4 ـ نوۋەتلىك كومىتېت
2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەي-
تىلگەن) يىغىنىغا قاتناشقان
شىنجاڭ ۋەكىللىرى يىغىندا
دوكلات ئاڭلىماقتا.
(سۈرەتنى يۈسۈپ تارتقان)

# مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئېلانى

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» — ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ژورنىلى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر مەزمۇن قىلىنىدۇ: خەلق ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ ئېلىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە مىللىي باراۋەرلىك - ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى ھەمدە ئىلغارلار، نەمۇنىچىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلىش؛ ئېلىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر تەتقىقات ئەھۋالى، نەتىجىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك مۇقەددەس كىتاپلىرى (جۈملىدىن جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى)، تارىخىي شەخسلەر ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنى تونۇشتۇرۇش؛ داڭلىق مەسچىتلەر، مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلەرنى تونۇشتۇرۇش؛ مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيىتى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇش؛ تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېنچلىقىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەر، شۇنىڭدەك ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىش ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلىش؛

بۇ ژورنالنىڭ ئۇيغۇرچىسى پەسىللىك بولۇپ، 16 فورماتلىق، 64 بەت قىلىپ چىقىرىلىدۇ، ھەر سانى 45 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولىدۇ ھەمدە ئىچىگە مۇۋاپىق تۈردىكى قىستۇرما سۈرەتلەر قوشۇلىدۇ، بۇ ژورنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ، ھەر بىرىنىڭ باھاسى 0.30 يۈەن بولۇپ، مۇشتەرىلارنىڭ ئالدىن مۇشتەرى بولۇشىنى ياكى پوچتا ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز. ئالدىن مۇشتەرى بولۇشنى ۋە پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىشنى خالىغۇچىلارنىڭ بىۋاستە ھالدا بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇشتەرى بولۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

(پۇل پېرېۋوت قىلىش ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103-قورو، ئورۇن ئىسمى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى، بانكا ھېساۋات نومۇرى: خەلق بانكىسى يىڭتاۋيۈەن تارماق باشقارمىسى 356 — 8901).


中国穆斯林（维吾尔文版）第1期（总12期） جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى (1 - سان)

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)

印刷：民族印刷厂

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى

制版：北京市制版厂

订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横街103号

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)

北京市期刊登记证第837号 ·公开发行· 每册定价：0.30元